


## ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن
سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

تاھىر ھامۇت

# ئارلىق ۋە باشقىلار

# TAHIR HAMUT

距离及其它

## The Distance and Other Poems



مىللەتلەر ئۈن - سىن نەشرىياتى
民族音像出版社

تاھىر ھامۇت

# ئارلىق ۋە باشقىلار

# 距离及其它

# TAHIR HAMUT

## The Distance and Other Poems



مىللەتلەر ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
民族音像出版社

# 距离及其它

作　　者：塔依尔·哈木提
总 监 制：李有明
监　　制：姚奇星
责任编辑：多鲁洪·哈地尔
责任校对：海力古丽·衣不拉音
出版发行：民族音像出版社
版　　号：ISBN9787887059901
版　　次：2016年12月第一版
印　　数：1—2000册
策　　划：买力哈巴·沙比尔
朗　　读：塔依尔·哈木提
录　　音：库都来提·阿布都拉
特约校对：阿不都热依木·阿不力米提
装贴设计：木合塔尔·木扎帕尔
排　　版：古海尔尼沙·吾布力
封面油画：买买提·艾依提
书名题写：阿布力克木·祖农·骄拉尼
定　　价：48.00元（光盘附赠书）



تاھىر ھامۇت

تاھىر ھامۇت 1969 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1986 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. 1992 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، تەرجىمىلىرى ۋە ماقالىلىرى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭغا «ئۇيغۇر مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى» دەپ باھا بېرىلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەنە ياپون، نېمىس، تۈرك، نورۋېگ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ خەنزۇچە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچە نوپۇزلۇق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى» ناملىق كىتابى 2000 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

تاھىر ھامۇت 1998 - يىلىدىن باشلاپ رېژىسسورلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، ھۆججەتلىك فىلىملەر، ئەدەبىيات - سەنئەت فىلىملىرى ۋە چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىگە رېژىسسورلۇق قىلغان. 2007 - يىلىدىن بۇيان تەكلىپ بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو - تېلېۋىزىيە - تىياتىر فاكۇلتېتىدا دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. 2009 - يىلى شىنجاڭ ئىزگىل كىنو - تېلېۋىزىيە شىركىتىنى قۇرغان، ھازىر شۇ شىركەتنىڭ لىدىرى.

«ئارىلىق ۋە باشقىلار» تاھىر ھامۇتنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا يازغان شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى نامايان بولغان، ئۆزىنىڭ خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى يارىتىش ۋە ئۆزگىچە سەنئەت دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ئىپادىلەنگەن.

# مۇندەرىجە

## ئارىلىق


| | | | |
|---|---|---|---|
| When I Die | 3 | 2 | مەن ئۆلگەندە |
| The River | 5 | 4 | دەريا |
| Here | 7 | 6 | بۇ يەردە |
| A Night Sama | 9 | 8 | تۈندىكى ساما |
| The Mirror | 11 | 10 | ئەينەك |
| The Moment | 13 | 12 | دەقىقە |
| Twelve Noon | 15 | 14 | چۈش سائەت ئون ئىككى |
| Going to Work | 17 | 16 | ئىشقا بېرىش |
| Poet | 19 | 18 | شائىر |
| Creation | 21 | 20 | يارىلىش |
| April | 23 | 22 | ئاپرېل |
| Spring | 25 | 24 | باھار |
| Dawn | 27 | 26 | سەھەر |
| Her | 29 | 28 | ئۇ |
| Some Things | 31 | 30 | بەزى نەرسىلەر |
| Butterfly | 33 | 32 | كېپىنەك |
| The Rain | 35 | 34 | يامغۇر |
| The Evening | 37 | 36 | كېچە |
| Ocean | 39 | 38 | دېڭىز |
| Eve of Qurban Eid, '93 | 41 | 40 | 93، قۇربان ھېيت ھارپىسى |
| The Border | 43 | 42 | چەك ـ چېگرا |
| Phone Call | 45 | 44 | تېلېفون |
| The Distance | 49 | 48 | ئارىلىق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| Summer Is a Conspiracy | 51 | 50 | ياز بىر سۇيىقەست |
| Sunday | 57 | 56 | يەكشەنبە |
| Journey to the South | 59 | 58 | جەنۇبقا سەپەر |
| A Common Crime | 61 | 60 | ئورتاق جىنايەت |
| Abdurehim | 65 | 64 | ئابدۇرېھىم |
| A Fairy Tale | 71 | 70 | رىۋايەت |
| The Tale of Two People | 75 | 74 | ئىككى ئادەمنىڭ ئەپسانىسى |
| The Stone Mirror | 79 | 78 | تاش ئەينەك |
| Wall | 81 | 80 | تام |
| Returning to Kashgar | 83 | 82 | قەشقەرگە قايتىش |
| Ürümchi | 85 | 84 | ئۈرۈمچى |
| Then I Knew | 87 | 86 | مەن بىلدىم |
| The Sickness | 93 | 92 | ئاغرىق |
| The Infinite | 101 | 100 | چەكسىزلىك |
| City Night | 105 | 104 | شەھەر كېچىسى |
| The Ice Cream Man Sawutjan | 109 | 108 | ماروژنىچى ساۋۇتجان |
| Faraway Risalet | 113 | 112 | يىراقتىكى رىسالەت |
| Road | 117 | 116 | يول |
| Before Noon | 121 | 120 | چۈشتىن بۇرۇن |
| Memory | 125 | 124 | ئەسلىمە |
| Gulsay Cemetery | 129 | 128 | گۈلساي قەبرىستانلىقى |
| Being Anesthetized | 133 | 132 | ناركوز قىلىنىش |
| A Traffic Accident | 137 | 136 | قاتناش ۋەقەسى |
| My Habitat | 141 | 140 | مېنىڭ ماكانىم |
| A Piece of Istanbul | 145 | 144 | ئىستانبۇلنىڭ بىر پارچىسى |
| A Circular House | 149 | 148 | يۇمىلاق ئۆي |
| 45 Years Old | 151 | 150 | قىرىق بەش ياش |
| Turpan | 153 | 152 | تۇرپان |
| The Past | 157 | 156 | ئۆتمۈش |

# باشقىلار


ئىلاھىي مۇراسىم................162
نىدا................165
پارىژدا ئېزىپ قېلىش................167
دېڭىز بويىدىكى سەرگەردان................169
خەلق مەيدانى................170
سۈكۈت................173
ئايالLلار تۇرمىسى................175
تەكرار چۈش................176
تىل ئويۇنى................178
دۇئا................179
ئىككى ئايال................180
قېلىن قار................182
ئاشىق (داستان)................184
ئېيىق................213
سۇرۇشتۇرۇلگۈچى................215
سىر................216
قونۇش................217
كۆيۈكىنىڭ پۇرىقى................218
ئەپلاتونچە مۇھەببەت................220
ئايرىلىش................221
يامغۇر تىلەش................223
سەيياھ................224
ئاز ۋە كۆپ................225

پوسۇلكا توشۇغۇچى........................ 227
ئاسپنا ........................... 229
هالقىش پەيتى .......................... 231
سىلەرگە ناتونۇش يەر ..................... 233
تەرجىمان .......................... 234
سەهەر مەرسىيەسى ....................... 235
شەنبىدىكى لوگىكا ....................... 237
كۆز ................................ 238
ۋەھىمە ............................. 239
ئوپېرانىڭ مۇقەددىمىسى ................... 240
گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ.................. 242
توپا ئادەم........................... 244
ئېستېتىك ھارغىنلىق ...................... 246
يول بەلگىسى.......................... 247
چۈشلۈك ئۇيقۇ ........................ 248
نىياز ئەخمەت......................... 249
قىسسە ............................. 250
ئوي............................... 252
چىرقىراش............................ 253
پارچىلىنىشنىڭ جەريانى.................... 254
قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىك.................... 256
مۇناجات ........................... 257
ئۈچ ............................... 258
كېتىش ............................. 259
يالغان گەپ........................... 260
يەنە بىر كۈننىڭ باشلىنىشى ................. 261

سۈ باسما رەسىم ........ 262

ھەسەن - ھۈسەن ........ 263

كېچىدىكى ناخشا ........ 264

كېچە. دەريا بويى ........ 265

ئايال مۇمىيا ........ 267

كۆلەڭگىلەر ........ 268

ھالەتلەرنىڭ ئەھۋالى ........ 269

پىنھان نەرسىلەر ........ 271

ئالمىلا ........ 273

ئىككىنچى پەسىل ........ 274

چەۋەنداز ........ 275

تەن ........ 276

پەيشەنبە ........ 277

ئىتتىپاق يولى ........ 278

ئۇچرىشىش ........ 279

سەن ........ 280

سايىدىكى تاشلار ........ 281

چۈشىنىش ........ 282

خىيالدىكى خوتەن ........ 283

مېۋە ........ 284

ئەتىيازدىن يازغىچە ........ 285

تاغ باغرىدا ........ 286

يىخىلىق يارىتىش ........ 287

يالىڭاچ ئۇخلىغۇچىنىڭ پارچە - پۇرات خىياللىرى ........ 288

تام تۈۋىدىكى ئامىنەم ........ 290

شېكەركۆل ........ 291

قۇربانلىق ........ 292

# ئارىلىق

# مەن ئۆلگەندە

مەن ئۆلگەندە ئېسىڭدە بولسۇن،
بايرىقىڭنى چۈشۈرمە يېرىم.
جەستىمنى تاپساڭ كۆمۈپ قوي،
تاپالمىساڭ ئۆكۈنمە جېنىم.

مەن بىلىمەن، دېمەيدۇ ھېچكىم،
ئۆلۈمۈمنى ئېغىر يوقىتىش.
مەن ئەمەسمۇ ئارتۇقچە ئادەم،
مەن ئەمەسمۇ ماتەمگە ماتەم،
ماڭىلا خاس ئۈنسىز يوقىلىش.

مەن ئۆلگەندە ئېسىڭدە بولسۇن،
دە جاھانغا: كۈلۈپ ئۆلدى ئۇ.
ئىشەنگەندە سۆزۈڭگە ھەممە،
ئاندىن ئېيتقىن: يالغان كۈلدى ئۇ!

1987 ـ يىلى دېكابىر، بېيجىڭ

## When I Die

When I die, remember,
Don't lower your flag to half-mast.
Bury my corpse if you can find it,
But don't grieve if you can't, my dear.

I know, no one will call
My death a great loss.
Am I not a useless stranger?
Am I not a lament in mourning
The kind who disappears silently?

When I die, remember to
Tell the world: he died with a smile.
Then when everyone believes you,
Tell them: the smile was fake!

*December 1987, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# دەريا

جىمجىت ھەم سالقىن سۇ ئۇستىدە
بىر پارچە سېرىق رەڭ بىلەن بىر لەھزە ئىسسىق شامالنى كۆردۈم
ئېغىرلىقى باستى يەلكەمنى

جىمجىتلىق تۇنۇگۇندىن كەلگەن
ئېغىرلىق خۇددى سۇغا ئوخشايدۇ

ئاھ، خۇدا
بىر ئادەم قانداقمۇ چىدىيالايدۇ
تۇرسىمۇ گەر يېشىل قىرغاقتا
قەلبى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق؟!

1991 ـ يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

## The River

Above the cool and peaceful water
I saw yellow and a momentary hot breeze
Heaviness pressed down on my shoulders

The silence came from yesterday
The heaviness the same as the water

Oh, God
How can one bear it?
Even while standing on such a lush riverbank
The heart is completely empty?!

*October 1991, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## بۇ يەردە

بۇ يەردە ئىككىلەكلىك قىرلىق ياغاچلار،
قىپقىزىل پەردىلەر توسار يەتكۈچە.
يوشۇرۇن يورۇقلار سىلكىپ قويىدۇ،
پەردىلەر كەينىدىن مارايدۇ كېچە.

ئادەملەر تىزىلغان ئۈستى - ئۈستىگە،
ئېقىن سۇ ئالدىغا ئۆتكەن ئۇلارنىڭ.
كۆك ئاسمان مىخلاقلىق قىرلىق ياغاچقا،
كۆكسىدىن سۈت تامار قاتقان قىزلارنىڭ.

ئەينەككە سۇ بەرگەن تەشتەكتىكى گۈل،
يېقىنلا ئارىدا سوۋۇيدۇ پات - پات.
بېغىر رەڭ ئىسقىرتىش چوقۇپ مۇزلارنى،
تەشتەكنىڭ ئاستىغا قويىدۇ قات - قات.

ئۇخلىغان سىم كارىۋات خورەك تارتمايدۇ،
كۆرپىسى پاخشە خىش، يوتقىنى ئادەم.
پەردىنى سىلكىگەن يوشۇرۇن يورۇق،
شۇ ياقتىن ئېسىدۇ بىردەم - يېرىم دەم.

جىرىڭلاپ قويىدۇ كونا تەڭگىلەر،
لامپىلار ئۆچكەندە ئۇنى چىرقىراق.
غۇۋالىق چاينايدۇ يېتىم بىنانى،
توشقۇزۇپ قويىدۇ شەھەرنى لىقراق.

1991 - يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

## Here

Here panels are erected,
Bright red curtains covering too much.
Concealed illuminations jolt you,
As the night peeks out from behind the curtains.

People are stacked on top of one another,
Streams flowing over them.
Blue sky nailed to the panels,
Milk dripping from frozen girls' breasts.

The flower in the vase, watering the glass,
Will no longer be hot.
A purple whistling sound pecks at the ice,
Layering under the vase.

A cot doesn't snore,
Its bedroll bricks, its quilt a man.
A hidden light rustling the curtain,
Gasping now and then.

Old coins jangle,
Scream as the lights turn off.
Lifelessness bites the lonely buildings,
Filling the city until it is quite full.

*October 1991, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# تۇندىكى ساما

تولغىنىدۇ ئۇن ئالتە تال ئاق سىزىق،
بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ چىرايى.
جىلۋە قىلار شامال چىقسا پارقىراپ،
يورۇمايدۇ ئاي نۇرىدا ئەتراپى.

كىرىۋالدى قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭغا،
تولغىنىشنى توختاتمىدى پىرقىراپ.
ساناپ باقسام ئۇن بەش چىقتى، بىرى يوق،
ئۇخلاتمىدى، ئۇخلاتمىدى چىرقىراپ.

1991 ـ يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

## A Night Sama[1]

Sixteen writhing white lines,
Each looks different from the next.
Glimmering gracefully in the howling wind,
Unlit under the moonlight.

They sank into a pitch black recess,
Continuing their ceaseless writhing spin.
Now I count fifteen of them, one has been lost,
Their wails wouldn't let me sleep, wouldn't let me sleep.

*October 1991, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

---

[1]Sama is a type of rhythmic dance punctuated by unified shouting while dancing in a circular pattern. Its roots are in pre-Islamic Zoroastrian fire dances, but over the centuries it became an element of Sufi ritual practice. In recent years it has become an integral part of Uyghur festival celebrations.

## ئەينەك

ئەينەكنىڭ ئاپئاق تورۇندىلىرى
كىيىملەر ئارىسىدا كۆرۈنىدۇ
كەلگۈسىدىكى ئەسلىمىلەردەك ئېنىق ۋە يۇمشاق

ئۇ ئەينەك بىزنىڭ
جىسمىمىزنىڭ نۇر ئەكسىدىكى قاتقان تۇرقى بولۇپ
كېيىن تورۇپ كەتكەن

شۇڭا
قالدۇق نەرسە بىزنىڭ ئۆزىمىز

جان بىلەن تەن ئارىسىدا
قول ئۇزاتسا تىنىقتەك تورۇپ كېتىدىغان
يۇمشاق بىر ئەينەك بار

1992 ـ يىلى مارت، بېيجىڭ

## The Mirror

Bright white fragments of a mirror
Stand out distinctly on our clothes
As clear and soft as memories of the future

This mirror is
A reflection of our frozen body
After its shattering

So
We ourselves are these remains

Somewhere between our body and spirit
There is a mirror
Vanishing like a breath as a hand reaches out for it

*March 1992, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## دەقىقە

تامدا قالغان قۇياشنىڭ ئىزى
مەن چۆكتۈمكى تونۇش بۇلۇڭغا
كىمدۇ مېنى يالىڭاچلىۋەتكەن
تىترەك
چىڭقىلىش
سىيپاپ ئۆتەر شۇ تاپ يۈزۈمنى

ئۆيگە لىق تولغان بىزارلىق
قىستاپ كېلىپ
تىقىلىدۇ قۇلاقلىرىمغا

سوغۇق سىزىقلار ئايان بولار تېرەمدە
گاراڭلىق قاراپ تۇرار يېنىمدا
لەپەڭشىيدۇ ئۆگزە
تالادىكى ئىسقىرتىش
بىر - بىرىگە ئۇرۇپلاۋەتتى
ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى

1992 - يىلى ماي، بېيجىڭ

## The Moment

The trace of the sun on the wall
I sank into a familiar corner
Who is the one that will strip me
Shivering
Straining
Caressing my face now

Loathing filled the house
Pressing in
Filling my ears
Cold lines appear on my skin
A daze is staring beside me
The roof is shaking
Whistling outside
Smacking the past and the future
Into each other

*May 1992, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## چۈش سائەت ئون ئىككى

سوزۇلغان بىر تال تۆمۈر سىم
كېسىلگەن بىر پارچە ئاسمان
ئېزىپ قالغان بىر تامچە يامغۇر
بۇ بىر چوڭ شەھەر

ئىدىيە بەزىدە بار، بەزىدە يوق
قان بېسىمى ئۆرلىگەن
قىزىتما سوۋۇمىغان

ئىلاجسىز بىر تۈپ تېرەك
قىيامەتنىڭ بىر قىزىل قۇشى
قېتىپ قالغان بىر پارچە بۇلۇت
بىر - بىرىگە چىڭ باغلانغان

جىمجىتلىقنىڭ ماكانى
مەھكۇملارنىڭ زامانى
ھەممە نەرسە ئېرىش ئالدىدا
چۈش سائەت ئون ئىككى

1992 - يىلى ئىيۇن، بېيجىڭ

## Twelve Noon

A stretched-out steel cable
A slice of sky
A lost drop of rain
This is a huge city

Ideas sometimes there, sometimes not
Rising blood pressure
Unrelenting fever

A powerless poplar
A red bird of the Judgement
A piece of frozen cloud
Tightly bound to each other

The space of silence
The time of the doomed
Before everything melts at
Twelve noon

*June 1992, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ئىشقا بېرىش

سەھەردىكى چۈش چىكىنگەن
ناتونۇش ئادەم يوق ئۆيىگە يانغان
كۆل رەڭ ۋاقىت، ساختىپەز ئاسمان
يوقتۇر
مېھراب، قەسىدە، دۇئالار
چۈرۈك ئاۋازدا
ئەگىشىۋالغان باللار كەبى

تېنىڭدىن باشقا
مۆكۈنۈشكە ھېچبىر ئورۇن يوق
باشقا ھەممىسى
تاشلانغاندا كۆڭۈل كەينىگە

1992 - يىلى ئاۋغۇست، قەشقەر

## Going to Work

The dream at dawn faded
Resolved into a house without strangers
Gray time, deceitful sky
There is no
*Mihrap*,[1] elegy, sermon
Like kids who followed
With brittle voices

There is no place to hide
Except for your body
Everything else is
Thrown after desire

*August 1992, Kashgar*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

---

[1] An arch-shaped recess at the front of a mosque.

## شائىر

قىش پەسلى بىسىپ كەلمەكتە

بۈگۈن مەن خەتنە مۈراسىمغا قاتنىشىپ
كەيپىياتىمنى تەڭشەيمەن
ئاندىن تۈرمۈشۈمدىن دىراماتىك ئۇنۇم ئىزدەيمەن
لېكىن، مېنىڭ پىلانىم يەنە سۇغا چىلىشىدۇ:
تەپەككۇرۇم تېمىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ

بۈگۈن بىر نەس باسقان كۈن
ئۇنىڭغا چېقىلما
دىراماتىك ئۈنۈممۇ ئىزدىمە
ساڭا مەلۇم
بىزگە ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ

سەن ئۆزۈڭگە غۇدۇرايسەن:
بولدى قىل شائىر، بۇ نىيىتىڭدىن يان
سېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن
مەن يېڭى بىر جىمىغۇرلۇق ئارقىلىق
سېنىڭ ھېسسىياتچان قەلبىڭنى تولۇقلايمەن

بىز بىر ئادەمگە موھتاج
بۈيۈك بىر ئادەمگە موھتاج
بۇ نۇقتا
ھەر ئىككىمىزگە ئايان

1992 - يىلى نويابىر، بېيجىڭ

## Poet

In the throes of winter

Today I am going to a circumcision celebration
To get in the mood
And search for a dramatic change in my life
But, my plan will fail again:
I will lose my train of thought

Today is an unlucky day
Don't bother
Don't try to look for some dramatic change
You know
Nobody can help us

You grumble to yourself:
Poet, give up, quit
Not to dishearten you
I use a brand new form of withdrawing
Which fills your wild heart

We need a person
We need a great person
This point
Is clear to both of us

*November 1992, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# يارىلىش

سەن ئاجىز بىر پەسىلنى ياراتتىڭ
قارىچۇقۇڭدا ئەڭ دەسلەپكى ئېقىن
ئويۇپ چىقىسەن چۈش نۇسخىلىرىنى
چاچراپ تۇرغان سۇنىڭ يۈزىگە
قەدەملىرىم ئىلگىرىلەيدۇ ئىچىڭگە
شۇڭا، تۇسالغۇسىزلا تەسەۋۋۇر قىلىسەن
سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىڭنى
كۆندۈزلەر ئېپكېلەر قىسقا چۈشكۈنلۈك
سەن ۋاقىتنىڭ باشلىنىشى سەن
سەن ۋاقىتنىڭ تاماملىنىشى سەن
قارا باسقان سېھىرلىك چۈشتە
جاننى مەجبۇري ئىچۈرگەن ماڭا

1993 - يىلى فېۋرال، بېيجىڭ

## Creation

You created a feeble season
An initial stream flowing through your eyeball
You carve the patterns of dreams
On top of the churning water
My steps march into you
So, without any obstruction you imagine
You had drowned in the water
Days bring a passing depression
You are the beginning of time
You are the end of time
In that mysterious nightmare
You forced me to drink a soul

*February 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ئاپرېل

تۇرۇپ
ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ
ئۆز دەردىمنى ئۆزۈم تارتالماي
تىكىلىپ تۇرسام نەمخۇش قۇياشقا
بېمەنىلىكتىن قىستايدۇ كۈلكە

ھامان زاۋاللىققا يۈز تۇتار ھەممە
سۈيۈشۈشكە ئەپسىز ئۇرۇندۇق
بىر ئېغىز خاتا سۆز
بىر مەرتە كىچىككەن پۇرسەت
يۈرەك ـ باغرى ئېلىپ تاشلانغان
قىلىپ قويدى مېنى كۈندۈزلەر

ئاپرېل ـــ
مەۋھۇم زامانسەن
ھەربىر جاننىڭ ھامىيسى ئۆزۈڭ
چاقچاقتەكلا يوقالغان تۇرمۇش

1993 ـ يىلى ئاپرېل، بېيجىڭ

## April

Sometimes
My heart is overturned
I can't stand my own anguish
Staring at the wet sun
I can't stop laughing at the absurdity

Everything will be doomed in the end
A chair ill-suited for kissing
A misspoken word
An unseized opportunity
The days left me
Gutted

April—
You are an abstract period
The watchman of every soul
Life erased like a joke

*April 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# باھار

چېقىلدى ئەينەك
قىپقىزىل قان دېرىزىدىن چۈشتى ئۆمىلەپ
مەن دېرىزە پەردىسىنى يېپىنىپ
ئەينەك پارچىلىرىنى تەرمەكچى بولدۇم
شۇ چاغدا
دەل ئاشۇ چاغدا
غايىب بىر تىنىق تەگدى يۈزۈمگە
قان شىلدىرلاپ ئاقاتتى پەسكە

1993 - يىلى ماي، بېيجىڭ

## Spring

Broken glass
Bright red blood crawling down the window
I wrapped curtains around my body
Wanting to pick up the shards of glass
Then
Just then
a concealed breath smacked me in the face
The blood murmured as it washed down

*May 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# سەھەر

ئۇشتۇمتۇتلا
مۇزدەك سەھەر ئۇچرايدۇ ماڭا
ئۇ — باشلىنىش ئەمەس
ئۇ — پەقەت بىر تەجرىبە
ئۇمىدنى ئۈزگەن ھەربىر ئادەمنىڭ
تۆكۈۋەتكەن مەينەت يۇندىسى

مەن ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئەمەس
لېكىن ھېس قىلغان پۇت - قولۇمنىڭ ئېغىرلىقىنى
نېمە قىلارىمنى بىلمەي
تۇرۇپ قالغان بوشاشقان پېتى

ئەسلىيەلمىگەن كۆرگەن چۈشۈمنى
بىركىمگە سالام قىلغانمۇ ئەمەس
رەھىمسىزلىك چۇلغاپ مېڭەمنى
يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن
ئاستا يۆلەنگەن پاسكىنا تامغا

1993 - يىلى ئاپرېل، بېيجىڭ

## Dawn

Suddenly
Like ice the morning runs into me
It's not a beginning
It's only an experiment
The dirty sludge dumped out
On every forlorn person

I never understood it
But felt its weariness in my hands and feet
The awkwardness of not knowing
Brought me to a lethargic standstill

I couldn't recall my dreams
Nor did I greet anyone
The ruthlessness of it preoccupied me
In order to stop from falling over
I slowly leaned against a dirty wall

*April 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ئۇ

ئۇ كىتىپ بارىدۇ. بىردەم توختايدۇ.
خۇددى كۆيۈۋاتقان كىچىك بىر تۇپ دەرەخ.

مەن ئالدىراش، كۇچسىز - مادارسىز.
دەرەخ سايىسى مېنىڭ قېرىلىق يەتكەن جايلىرىمغا
سىڭىپ كىتىدۇ،
ئاندىن
گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ.

هازىر ئاي ئاخىرى.
قورسىقىم ئاچ. مەن ئالما يېگەچ شېئىر يازىمەن.
مەن سەل-پەل ئۆرلەپ تۇرغان تاۋۇش بەلگىلىرىنى
كۆرۈپ يېتىمەن.
ئۇستۇمدىن قاراڭغۇلۇقنى يېشىپ تاشلاپ
تەمكىن بولىمەن.
لېكىن
خىيالىمدا ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىلا كىتىپ بارىدۇ.

1993 - يىلى ماي، بېيجىڭ

## Her

She walks along. She stops for a moment.
Like a small burning tree.

I am busy, I am tired and worn out.
The tree's shade sinks into my body's aged places,
and
opens into a flower.

It's the end of the month now.
I'm hungry. I eat an apple while writing a poem.
I can see
phonetic symbols raised ever so slightly.
I peel off the darkness
and am at peace.
But
in my thoughts she is right before me, walking along.

*May 1993, Beijing*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# بەزى نەرسىلەر

تونۇگۇن سەن غەرق مەست بولدۇڭ.
چاراسلاپ سۇنغان مۇزنىڭ بىسى
سېنىڭ باش ئاستىڭدا غەمكىن هالدا
پارچە - پارچە ئاۋازلىرىنى كۆرسەتتى.
سەن كارىۋتتا جىمجىت ياتتىڭ،
لېكىن بەزى نەرسىلەر راستتىنلا مەۋجۇت:
ئادەملەر هاراق ياسايدۇ،
سەن تۆكۈلگەن هاراققا ئوت ياقسەن،
يېشىل يالقۇندا
بىر توپ ئات تاغقا قاراپ قاچىدۇ.

1993 - يىلى ماي، بېيجىڭ

## Some Things

Yesterday you were really drunk.
The splintering sounds of the blades of ice
Exposed their patchy voices
Painfully under your head.
You lay in bed peacefully,
But some things really just exist:
Men make liquor,
And when you ignite spilled liquor,
In the blue flame
A herd of horses will escape to the mountains.

*May 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## كېپىنەك

ئۆيدە تۇرۇپ، خىيالىمدىن كەچتى ئۇ دۇنيا،
ھېسسىيات بىلەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئارىسىدا
قىزىقىشلىرىم ئوخشاپ قالدى نارەسىدە قىزچاقلارغىلا.
سۇخانىنىڭ ئىشكى ئالدىدا،
مېنى جەلپ قىلدى بىر تال كېپىنەك.
قاراپ تۇردۇم ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
خىيالىمدىن كەچتى ئۇ دۇنيا.
شۇ تاپتا، مېنىڭ لەيلەپ تۇرغان جېنىم
ئايان بولدى قەدىمكى بىر ھېكايەتتە
خۇددى ئاشۇ ھەقىقىي ۋە گۈزەل كېپىنەكتەكلا.
مەن ئويلاپ كەتتىم
ئۆزۈمنى سۆيەتلەيدىغان بىر سۆز تېپىشنى:
سەۋەب بىلەن نەتىجىنى بىلدۈرمەيدىغان،
مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ئىپادىلىمەيدىغان،
جەننەت بىلەن دوزاخنى تەسۋىرلىمەيدىغان.
ئەنە شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلدى
قېرىپ مۈكچەيگەن بىچارە تۇرقۇم.

1993 ـ يىلى ماي، بېيجىڭ

## Butterfly

Staying home, I thought of another world,
Vacillating between emotion and inconsequence
My interests are like a teenage girl.
In front of the restroom,
A butterfly fascinated me.
Focusing on it for a while,
I thought of another world.
Where, my life floated
A reflection of an ancient story
Like a beautiful, unaffected butterfly.
I was pondering
A word to describe myself:
Which doesn't imply cause and effect,
Which doesn't express love and hate,
Which doesn't describe Heaven and Hell.
When I remembered
My worn, pathetic form.

*May 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# يامغۇر

يېرىم كېچىدىكى يامغۇر
مەن كارىۋاتتىن قوپۇپ قولۇمنى يۇيىمەن
شامال مۇنچىغا چۈشمەكتە. لېكىن مەن
قىپيالىڭاچ هالدا ئۇنىڭ تۇغۇشىنى كۈتىمەن
سېنىڭ قوللىرىڭ تامچىلارنى تۇتاشتۇرۇپ
ئۈچ سائەتلىك يامغۇر ياسايدۇ
مەن سېنى سېغىنىمەن
يۈزۈڭگە بوش شاپىلاقلىغۇم كېلىدۇ
بىراق، مەن يەنىلا دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىمەن:
چاچ بىلەن سۇ، يۈز بىلەن كۆز
شامال بىلەن يامغۇر، سەن بىلەن مەن

1993 ـ يىلى ماي، بېيجىڭ

## The Rain

Rain at midnight
I get up and wash my hands
The wind is taking a bath. But nakedly I
Wait for it to give birth
Your hands connect the raindrops
To create a three-hour rain shower
I miss you
I would like to lightly slap your face
But, I still stick my head out the window:
Hair and water, face and eyes
Wind and rain, you and me

*May 1993, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellp*

# كېچە

كەچتە
تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالدىراش قايتىپ
بىنالارغا سولاندۇق مەھكەم

بىز
ئۆيدىن چىقساق سەرسان ـ سەرگەردان
ئۆيگە كىرسەك ياردار ھايۋان
يارىمىزنى يالايمىز يېتىپ

1993 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## The Evening

In the evening
We rushed in from every direction
And were locked up firmly in the buildings

We
Are exiles if we leave home
A wounded animal if we go in
We lie there licking our wounds

*June 1993, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## دېڭىز

غۇۋا بىر دۆۋە تاش ـــ مېنىڭ خىيالىم.
تەرگە چۆمگەن ھاۋا ـــ مېنىڭ ئەترا پىم.
سېسىغان قۇلۇلە قېپىنىڭ غەمكىن گەۋدىسى.
چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە دولقۇن ئەۋجىسى.
قەلبىم بېلىق پۇرايدۇ!
تۇماننى كېسىپ ئۆتكەن ئۇيۇق سىزىقنىڭ بۇ تەرىپىدە،
يۈرىكى ھەسرەت ۋە ساختىلىققا تولغان بىر توپ ئادەم
كىچىكلەيدۇ نۇرغا ئەگىشىپ.
يىراقتا،
زىبالىقى سىزگە ئوخشايدىغان بىر پارچە بۇلۇت،
پۈتىنى تاش تىلىۋەتكەن بىر ۋىجىك ئەبلەخ،
چاترىقىنى كېرىپ تۇرغان قىزىل كۆڭلەك قىز.
تىكىلىپ تۇرغاندا مايماق قۇياشقا
ھېس قىلغىلى بولمايدىكەن قۇم ساھىلىنىمۇ.
ئەي دېڭىز، سەن مېنىڭ ئەمەس،
بىراق، يالغۇزلۇقتىن سەنمۇ قورقامسەن؟!

1993 ـ يىلى ئىيۇل، بېيدەيخې

## Ocean

A dim pile of stones — my thoughts.
The sweaty air — my surroundings.
Sad silhouette of a rotting snail shell.
High tide at four o'clock.
Just then my heart smells of fish!
On this side of the fog-piercing horizon
a crowd of people, hearts filled with pain and deceit,
diminish with the light.
When in the distance,
a wisp of cloud, with beauty like yours,
a puny bastard who cut his foot on a rock,
a red-skirted girl sitting with legs wide open.
Stare at the slanting sun
you can't even see the beach.
Hey Ocean, you're not mine,
but do you too fear loneliness?

*July 1993, Beidaihe*

*Translated by Joshua L. Freeman*

## 93، قۇربان ھېيت ھارپىسى

مېنىڭ خۇدا بەرگەن بىر پارچە ئېتىزىم بار.
ھەر قېتىمقى ھېيت ھارپىسىدا،
مەن ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئىستىقبالسىز ئۈسۈشىنى،
قۇشقاچلارنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە ھاياتىنى،
ئۆزۈمنىڭ ئاستا - ئاستا ئۇزىرىۋاتقان سايەمنى كۆزىتىمەن.
ئەتىسى،
بەدىنىمدىكى تۈكلەرنىڭ بىر ھەسسە كۆپەيگەنلىكىنى سېزىمەن.
بارمىقىمغا ياراشمىغان بىر تال ئۈزۈك،
قەدىمدىن قالغان تېتىقسىز بىر ناخشا،
ئالقىنىمدا بىرىكىدۇ.
مەن مانا مۇشۇنداق پىشىپ يېتىلىمەن،
تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە تېخىمۇ پەرۋاسىز بوپ كېتىمەن.
بەزىدە،
گازىر چېقىپ كېتىۋاتقان بىر توپ باللارنى ئۇچرىتىپ،
ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سۈت رەڭلىك شىرنىسىنى
ياكى ئەتە كىيىدىغان يېڭى كىيىمىنى ئويلىشىم مۇمكىن.
بەلكىم، ساڭا دەرمەن:
— مېنىڭ ئانام ئېتىقادسىز ئەمەس.

1993 - يىلى ئىيۇن، قەشقەر

## Eve of Qurban Eid, '93

I have a field that God gave me
and on the eve of every Eid
I observe the futureless growing of the weeds,
The worthless little lives of the sparrows,
my own gradually lengthening shadow.
The next day,
I sense that the hair on my body has doubled.
The iron ring that doesn't suit my finger
and the tedious song passed down from ancient times fuse
    in my palm.
And just like that I will grow up,
I will become ever crueler and more apathetic.
Sometimes,
I'll see a bunch of kids walking along cracking sunflower seeds,
and I might think of the fig tree's milk-colored nectar
or the new clothes I am to wear tomorrow.
Perhaps I'll say to you:
— My mother is not an infidel.

*June 1993, Kashgar*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# چەك - چېگرا

ئىككىمىزنى ئايرىۋەتمەك تەس
شۇڭا مەن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشكە پېتىنالمايمەن
چۈنكى ھەر ئىككىمىزگە زەخمە يېتىشى مۇمكىن
مېنىڭ نەزىرىمدە
بېيجىڭ ھاكىنىڭ ھاسىلاتى
چەك - چېگرا دەل ئاشۇ يەردە
بۇتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا تۇتىشىدىغان
تاش تامنىڭ ئۈستىدە
خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ يالىڭاچ نېرۋىسىدەك
مۇتلەق تەمكىن

ۋاھالەنكى، مەن تەمكىنلىكنى تىلغا ئالسام
نېرۋىنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكى
مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ پاپا كۈتكۈچىلىرى
سېنىڭ غەلىتە تەلەپپۇزۇڭ قاتارلىق
ناھايىتى ئوماق بىرمۇنچە ئۇقۇملار ئېسىمگە كېلىدۇ

1993 - يىلى سېنتەبىر، بېيجىڭ

## The Border

It's hard to pry the two of us apart
and I don't dare use force
for we could both get bruised
The way I see it
Beijing is the product of stone
The border lies just there
atop the stone wall
that closes off the backyard of the temple
Like the naked nerves of the Central Asians
impeccably serene

But the moment I mention serenity, I recall
the structural beauty of a nerve
the Pharaoh's midget servants
your odd pronunciation and all kinds
of other extremely cute ideas

*September 1994, Beijing*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# تېلېفون

يۈرەكنى تىترىتىپ تېلېفون كېلىدۇ

قەدىمىي ھىندىستان ئۇسسۇلى كەبى
بەزدۈرمەكتە شامال ئىرغاڭلاپ
بۇ، مەلۇم ئۆتكەن بىر كۈن
قۇيۇن ئىچىدە
ئۆتكەن ئەسىردىن قالغان تېلېفون
ئۇلاندى «ۋەي؟» دېگەن ئاددىي بىر سۆزگە

قويۇق سېدىنىڭ غولىدا مەرغۇل
جىنچىراغنى گۈلخان كۆرسىتىپ
كۆرپە ئۈستىدە
بىر قۇچاق چاچ ئارىسىدا
مىدىرلاپ تۇرار گۈزەل بىر ئايال
خىيالىدا سۆيەر ئاۋازنى
خىيالىدا كۆرەر سەھەرنى
تېلېفون بەرگەن
تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك بىر ئادەم
تېلېفوندا تەسۋىرلىمەكتە
بىر توپ جىننىڭ
قوشۇن تارتىپ ئۆتكەنلىكىنى

يۈرەكنى تىترىتىپ تېلېفون كېلىدۇ
يالقۇنغا تاشلاندى بىر تۇتام ئاق يۇڭ
ئۇ ئۇسسۇل كۆرمەكچى

## Phone Call

A phone call makes the heart tremble

The obnoxious wind
swoops like an ancient Indian dance
This was a day that passed
inside a whirlwind
A phone call from the last century
connects to a simple "Hello?"

An intermezzo in the thick elm's trunk
makes the oil lamp blaze like a bonfire
Atop a mattress
among an armful of hair
a beautiful woman tosses and turns
In her mind she kisses the voice
In her mind she sees the daybreak
The man on the phone
with his powers of invention
describes
the march
of an army of ghosts

A phone call makes the heart tremble
A fistful of white wool thrown on the fire
She intends to see the dance

يىڭنە بىلەن پايپاق توقۇغاچ
تېلېفوننى كۈتمەكچى مەڭگۈ

جىرىڭلىتار بىر توپ ئاچقۇچنى
چۆچەكلەردىكى جادۇگەر مۈشۈك

1993 - يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

Darning her socks
she will await her call forever

And the witch cat of legend
jangles a ring of keys

*October 1993, Beijing*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# ئارىلىق

بىز تومۇزغىلارنىڭ سايرىشىغا تاقابىل تۇرالمايمىز.
كۆپۈنگۈ ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا
دوختۇرخانىنىڭ بىناسى، ئارىلىق.
سېستىرالارنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن چىرايى
بىزنىڭ ھەجۋىي رەسىمدەك ئولتۇرۇشىمىزنى كۆزىتىدۇ.

بىز سوغۇق سۇ بىلەن ھاراق ئىچكەچ
دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا
تۇرمۇش، مىللەت ۋە قىزلار توغرىسىدا
زەھەرخەندىلەرچە پاراڭلىشىمىز.
تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازى پات - پات ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ
پارىڭىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

ئۇلار بىر باھانىلەرنى تېپىپ
مېنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ.
قۇرۇق بوتۇلكىلاردىن ھاسىل بولغان
تۇرمۇشنىڭ بۇنداق رومانتىك مەنزىرىسى
مېنى خۇددى ھور مۇنچىسى ئىچىدە تۇرغاندەك
ھېس قىلدۇرىدۇ.
مەن ئىشىكنى قۇلۇپلايمەن:
ئىشقا بېرىشىم كېرەك!

مېنىڭ موللاق ئاتقۇم كېلىدۇ.
مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغۇم كېلىدۇ.

1994 - يىلى ئىيۇل، بېيجىڭ

## The Distance

We can't defy the singing of the cicadas.
Behind the convex glass
the hospital building, the distance;
nurses' distorted faces
watch our cartoonish party.

Downing cold water and liquor
we open the window and, half-naked,
speak sneeringly of
life, nation, girls.
Cicada song keeps bursting in
and wrecking crucial parts of our discussion.

They think up some excuse to ditch me
and leave me here alone.
The romantic tableau
of empty bottles
makes me feel
I'm in a Turkish bath.
I lock the door:
          Time to go to work!

I feel like doing somersaults.
I feel like killing myself.

*June 1994, Beijing*

*Translated by Joshua L. Freeman*

## ياز بىر سۆيىقەست

1

مەن تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ ئەننى سېكستوننى ئوقۇۋاتىمەن،
ئاسماندىن چۈشكەن تۇزانلار ھاۋانى قوغلاپ،
سانسىز شەھەر قۇشلىرىغا ئايلىنىپ، ۋوگزالغا قاراپ ئۇچىدۇ.
شامال
تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ،
ھەر تەرەپكە مىكروبلارنى تارقىتىدۇ.

لېكىن سەن
ھەقىقىي ياشاپ باقمىغان،
سەن ئاق تۇمشۇق قاغا ئەمەس،
سەن قىزىل رەڭلىك چىملىقمۇ ئەمەس.
مەن بىۋاستە سەزگۈمگە ئىشەنمەيمەن،
ئۇ خۇددى تۈنۈگۈن مېترودا ھېلىقى قېرى خوتۇن ئېيتقاندەك:
— ئالدامچى

ئىككىمىزنىڭ بىردىنبىر ئورتاقلىقى — ۋەھىمە،
بىز دائىم بىرلىكتە ئۇنىڭ چوڭيۇندەك ئاۋازىنى ئاڭلايمىز،
ئۇ خۇددى چايغا ئوخشاش يىلىكلەرگە سىڭىپ كىرىپ
ئاندىن مەھكەم ئۇيۇپ كېتىدۇ.

مەن تاغنىڭ مىدىرلىشىنى كۆرۈۋاتىمەن،
ماۋزۇ ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سېزىۋاتىمەن،
دېڭىزنىڭ قارلىغاچ ئۇۋۇسىدىكى پەرۋازىغا قاراۋاتىمەن.
سەن مېنى رېئاللىققا سۆرەپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈچ،
ماشىنا دەسسىۋەتكەن قورچاق،
چىنلىقتا پوققا ۋە سەنئەتكە ئوخشايسەن.

## Summer Is a Conspiracy

1

Covered in sweat, I'm reading Annie Sexton,
dust drifts down from the sky to chase the air,
becomes numberless city birds, flies toward the train station.
The wind
scatters its spit,
spreading microbes in all directions.

But you
have never really lived,
you're no white crow,
nor are you red grass.
I don't believe my intuition,
it's like the old woman said yesterday in the subway:
—Liar.

Terror is all we have in common,
often we hear together its pig iron voice,
like tea it seeps into the marrow
and hardens.

I'm watching the trembling of a mountain,
I'm sensing the need to think up titles,
I'm watching an ocean hover in a sparrow's nest.
You're a frightening force dragging me back to reality,
a doll run over by a car,
you're authentic like shit, like art.

2

ياز پەسلى، ئۇ بىر سۈيقەست
ئىلاستىكلىق ئەسلىملەردە ئاقساپ كېتىۋاتقان دادامنىڭ
ئۆيدىن قوغلانغان چاغدىكى قايتار ماكانى،
لاي كارىۋات.

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغدى، سەن بىلمەيسەن،
ئۇنىڭ بىچارە ئاۋازى ھېلىغىچە دەرەخ غوللىرى ئىچىدە ياڭرىماقتا.
مەن ئۆزۈمنى بارلىق قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا چېتىشىم كېرەك:
گۇمان بىردىن يوقالغاندا
پەقەت شۇلارلا
پەقەت شۇلارلا ماڭا ئۆزۈمنى گۇمران قىلىدىغان كۈچ بېرەلەيدۇ.

قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدا پارچە سېتىلىدىغان
نەشە ئېنىق ئېسىمدە،
ئۇ مېنىڭ ئەرزىمەس بالىلىقىم.
بۈگۈن مەن بىر قولنى
پويىز دېرىزىسىدىن سۇنۇلغان بىر قولنى ئەسلەپ قالدىم،
ئۇنى مەھكەم ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن مەن غايەت زور بەدەل تۆلىدىم،
چۈنكى ئۇ
سېسىپ كېتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنىدى.

ئەتراپىمدىكى ھەقىقىي بوشلۇق ئۆلۈم شادلىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ،
بوغۇزۇمغا ئاستا كىرىپ، ئاشقازانىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە
قاراپ ئاقىدۇ.

2

The summer season, it's a conspiracy
the land my father, limping along in elastic memories,
fled to when chased from home,
a muddy bed.

It rained yesterday, you don't know,
its pitiful voice still rings in the tree trunks,
I must join myself to all the bugs and beetles:
when doubt vanishes suddenly
only they
only they can give me the strength to ruin myself.

I remember so well the marijuana sold in lumps
by Héytgah Mosque in Kashgar,
it is my worthless childhood.
I recalled a hand today
a hand thrust from a train window,
to lock it in my memory I paid an awful price.
For it
had foresaken its right to putrefy.

The true void surrounding me brings death's delight,
slowly entering my throat, it flows toward the bottom of
    my stomach.

3

مەن جىنسىي ئاجىزلارنىڭ ساپما كەشكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئۆگەنگەن.
ئۇن تۆت يېشىمدا
چىش ئاغرىقى تۈپەيلىدىن ئۆرۈلغان پىروكايىن ئوكۇلىنىڭ تەسىرى تېخىچە پۈتۈنلەي تۈگىگىنى يوق،
ئۈمىدسىز بىر چۈشتىن كېيىندە.
لېكىن مەن قايتالايمەن، سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ بارالايمەن!
دۆڭكۆۋرۈكتىكى سېسىق سۇ ئازگىلىدىن باشقا
مەن يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتەلەيمەن؟
مەن لاينىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن.

مەنمۇ ھەقىقىي ياشاپ باققان ئەمەس،
چىراغ ئۆچكەن چاغدىكى سوغۇق قاراڭغۇلۇق،
ئوغرىلىقچە ئانانىزم،
پىيەنچۈككە ئايلانغان بىر مىللەت
ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ.
ئەسقەر ماڭا قاراپ:
«يارايسەن كاساپەت!» دەپ ۋارقىرايدۇ،
ۋاھالەنكى،
مەن شەكىل ياراتمىدىم.
ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىم.

مەن ئوقۇۋاتىمەن، تەرگە چۆمۈلۈپ ئوقۇۋاتىمەن،
ئەرۋاھلارنىڭ ئوبرازى سۆزۈك تېرە رەڭگىنى چەككىلەپ چىقىدۇ،
ئۇ كۆزۈمگە تاشلانغان بۈيۈك نۇر قايتۇرغۇچ.

1994 - يىلى ئىيۇل، بېيجىڭ

3

I've learned the hatred the sexually inadequate
    have for bedroom slippers.
The effects of a procaine injection I got
for a toothache at the age of fourteen
are with me still,
on a hopeless afternoon.
But I can go back, I can go back to you!
Apart from the fetid puddle at Döngkowrük
what else gives me hope?
I smell mud.

I too have never really lived,
the cold darkness when the lights go out
furtive masturbation
a nation turned into a drunkard
come to attack me.
Esqer looks at me:
"Well done, you old rogue!" he shouts.
However,
I didn't make the rules.
That's my trump card.

I am reading, I am covered in sweat,
ghosts' images extract the color of clear skin,
it is a great light reflector held before my eyes.

*July 1994, Beijing*

*Translated by Joshua L. Freeman*

## يەكشەنبە

ــــ پەرھات تۇرسۇنغا

قوشنا ئۆيدە
رازىيە كىر يۇيۇۋاتىدۇ
سۇنىڭ شالاق ـ شۇلۇق قىلغان ئاۋازى
ئارا تامنى بۆسۈپ ئۆتتى
مەن سۇ ئىچىدە تۇرۇپ سىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم:
ئادەممۇ ئەمەس، ھايۋانمۇ ئەمەس
غەلىتە مەخلۇق

1994 ـ يىلى ئىيۇل، بېيجىڭ

## Sunday

*For Perhat Tursun*

In the next room
Raziye is doing the laundry
The splish-splash sound of the water
breaks through the wall between us
Standing in water, I dreamed of you:
neither human nor animal,
a strange creature.

*July 1994, Beijing*

*Translated by Joshua. L. Freeman*

# جەنۇبقا سەپەر

كەتتىم،
بەدىنىمدە پۈتۈنلەي نەم ئىز.
شامال يالاپ ھەۋەسلەر يالىڭاچلانسا،
پەقەت ياقا يۇرتلۇقلارلا ھىجران ئازابىنى چۈشىنىدۇ.

مەغلۇپ بولغان قاتار يېزىلار،
ئۈمىدنى ئۆزگەن يالغۇز شەھەرلەر،
تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ.

پايانسىز ئاسمان.
پايانسىز زېمىن.
ئۇيقۇ باسىدۇ.
بوستانلىقلار ئالمىشىدۇ.
سۇس قارا رەڭلىك يول ئىدىيەگە ئېقىپ كىرىپ،
قۇياش نۇرىنى پۈتۈن بىر ئەسىر تەنھا قالدۇرىدۇ.

ئادەم ئادەم ئۆلتۈرىدۇ،
ئادەم ھەم ئۆلتۈرۈلىدۇ.
بىراق، جەنۇب ئوخشىمايدۇ،
ئۇ غۇۋۋا چىراي بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىپ،
ئاندىن ئۇزىتىپ قويىدۇ.

1994 - يىلى ئىيۇل، بېيجىڭ ــ قەشقەر

## Journey to the South

I have left,
my body is all damp traces.
If the wind gusts and desires are stripped bare,
the people of distant towns will know the suffering of
thought.

Rows of defeated villages,
rows of cities that have given up hope,
become ever denser.

Boundless sky.
Boundless land.
I doze off.
Oases fade into each other.
The pale black road flows into an idea
and leaves the sunlight of a whole age lonely.

Man kills man,
man is killed.
But, the South is not like that,
with a dim face she receives her guests
and then sees them off.

*July 1995, Beijing – Kashgar*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# ئورتاق جىنايەت

ياخشاق دەرىخى ئاستىدا
ئانا سېغىزخان قاناتلىرىنى رەتلەيدۇ.
مەن چىملىقتا مېخىپ يۇرىمەن،
مىسنىڭ داتلىشىپ كېتىشىنى باشتىن كەچۇرگەچ
سەرگەردانىنىڭ ئىنتىقامىنى تاپماقچى بولىمەن.

گەرچە
بىز تېخى ناھايىتى ياش،ساق ـ سالامەت بولساقمۇ،
ئەمما
ئەھدىمىزدە چىڭ تۇرۇپ،
خۇددى بىر دولقۇنغا ئوخشاش چېكىنىشنى
دەرەخنىڭ ئازابلىق بالىياتقۇسىغا —
ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىي ماكانىغا چېكىنىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

قوۋزاقلا پۈتۈنلەي تۆكۈلىدۇ —
ياخشاق دەرىخى ئۈچەككە كىرمەكچى،
بىراق سېغىزخاننى چۆچۈتمەكچى ئەمەس.
مەن ئەسلىي ئورنۇمغا قايتىمەن،
نۇردىن ھاسىل بولغان شىلەپەمنى قولۇمغا ئالىمەن.
سەرسانلىق —
ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاش دېمەكتۇر.

مەن ئەسلىي ئورنۇمغا قايتىمەن.
جىنايەتكار باللار پىنھان يەرلەرگە تاش ئاتىدۇ،
غەم ـ ئەندىشىسىز ھۇجۇم قىلىدۇ.
مەن بىر تال يۇمران يوپۇرماقنى ئالقىنىمدا ئېزىپ
مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان سۆيۈقلۇق ياسايمەن.

## A Common Crime

Under a walnut tree
A female magpie preens her wings.
I am walking in the grass,
Since I had experienced the rust of copper
I wanted to find a wanderer's vengeance.

Though
We are still very young, healthy,
But
We hope to keep our vow,
Retreating like a sea wave
Into the painful womb of a tree,
Into the real cradle of death.

The bark completely stripped –
The walnut tree is going into hibernation.
But, it doesn't want to frighten the magpie.
I return to my native home,
Taking my hat made of light.
The wandering life –
Means revealing your own evil intentions.

I return to my native home.
Guilty kids throw stones at a secluded spot,
Attacking without any anxiety!
I make a complex malleable liquid
By squeezing a delicate leaf in my palm.

بىر تال قارا سىزىق يەڭگىل چاقچاقلا ئايلىنىدۇ.
مەن ئۆزۈمنىڭ مول خىياللىرىم بىلەن
ئانا سېغىزخاننىڭ قاناتلىرىنى يۇيىمەن.
ئىنتىقام —
بىر دەقىقە چىداش دېمەكتۇر.

بىز تېخى ناھايىتى ياش،
ئۆزىمىز ئويلىغاندىنمۇ ياش.

1994 - يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

A black line becomes a pleasant joke.
I wash the wings of the magpie with
My fanciful imagination.
Vengeance —
Means enduring for a moment.

We are still very young,
Even younger than we think.

*October 1994, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## ئابدۇرەھىم

1

بىزنىڭ ئىسسىق جەنۇبتا
يېرىم ئېللىپىس شەكىللىك كۆز نۇرى بار
ئۇ — سۆيۈشۈش، ئۇ — سىزىق، ئۇ — تىك تۇرۇش
مەلۇم بىر پاھىشىنىڭ قامىتىگە چوقۇنىدىغان يۇرەك بار
ھېچقانداق زامانغا تەۋە ئەمەس مۇتلەق ۋاقىت بار
بىزنى توختىماي قىيناپ كەلگەن بەتبەشىرە مۇھەببەت بار

سەن ئەتىدىن كەچكىچە بوشلۇق ئىزدەيسەن
ئىزدەپ يۈرۈپ كەچلىك بازارغا، يالغانچىلىققا بارىسەن
يېرىم يالىڭاچ خەنزۇ رەسسامنى، ئامىباب مۇھەببەتنى تاپىسەن
مانا مۇشۇ يەردىن كونكرېتلىققا، ئانالىز قىلىشقا قاراپ ماڭىسەن
چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتىسەن
باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈڭدىن يىراقلىشىسەن
مەلۇم بىر مەنزىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىسەن
يۇمران كېچىدە
پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن خالتا كوچىغا تىكىلىسەن
ئورنۇڭنى بەلگىلىيەلمەي بالىلىقىڭغا قايتىسەن

2

ئۇ چاغلاردا
سېنىڭ ئاناڭ تولىمۇ ئەقىللىك ئايال ئىدى
خۇددى بىر تال پاشىغا ياكى بىر پارچە ھاۋاغا ئوخشاش
ئۇ دائىم ساڭا: سەن مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان، دەيتتى
سەن ئەينى چاغدا بۇنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى
قىيامەت كۈنىدىكى بىر پاچە تاش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ

## Abdurehim

1

In our hot South
There is a half-ellipse-shaped gleam in the eye
It is kissing, it is a line, it is standing upright
There is a heart which worships the posture of a whore
There is an absolute time that doesn't belong to any age
There is a repulsive love torturing us constantly

You search for space from morning till night
You search for the night market, go to a deception
You find a half-naked Han painter, ordinary love
You become concrete over there, move towards the analytical
You cross the main road
You leave yourself in order not to hurt others
You imagine the past of the landscape
In a delicate night
You stare with rapt attention into a blind alley
Disoriented, you return to your childhood

2

In those times
Your mother was a very clever woman
Just like a mosquito or a wisp of air
She always told you: you came out of my mouth
At the time you didn't know this was wrong
That this wrong would become a rock on the Day of Resurrection

سەن قىزىقاتتىڭ، ۋەھىمىگە چۈشەتتىڭ، ئۆزۈڭنى كەمسىتەتتىڭ
پۈتۈن نىيەت بىلەن نۇرغۇن چۈمۈلىنى ئۆلتۈرسەم دەيتتىڭ
كېيىن، سەن ئۈچرىغانلا ئادەمگە يۇلتۇزلارنىڭ بىر ـ بىرىنى
قىرغىن قىلغانلىقىنى سۆزلەپ يۈردۈڭ

3

سەن دائىم ھاجەتخانىدا تاماكا چېكەتتىڭ
تەرەت قىلغان چاغدىكى شادلىقتىن ھۇزۇرلىناتتىڭ
كۆڭلۈڭدە: بىز ۋاقىتقا يېتىشىۋالغىلى ئاز قالدۇق
بىز ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالغىلى ئاز قالدۇق
بىز تۇگەشكىلى ئازلا قالدۇق، دەپ ئويلايتتىڭ
لېكىن سەن خېلى كۆپ قېتىم ئۆز ئىسمىڭنى تۇزەتتىڭ
گويا سېنىڭ ھەربىر مەغلۇبىيىتىڭگە
سېنىڭ ئاشۇ غەلىتە ئىسمىڭ سەۋەبچى بولغاندەك:
«ھاۋدىرىيىم، ھاپدىرىيىم، ئابدىرىيىم
ئابدۇرېيىم، ئابدۇرېھىم، ئابدۇرەھىم»
سەن ئويلاپ قالاتتىڭ: ئىسىملار راستىنلا ئاسماندىن چۈشەمدىغاندۇ؟
ھېلىقى ئۆلگۈر تىل تەكرارلاش كېسىلى ساڭا مۆكۈمرانلىق قىلىشقا
باشلايتتى
سەن ئەسەبىي ھالدا شۇنداق دەيتتىڭ:
ئاسمانغا ئۆلۈك قۇشقاچلار تولۇپ كەتتى
ئاسمانغا ئۆلۈك قۇشقاچلار تولۇپ كەتتى

4

بەزىدە، سەن بەلكىم چۈشۈڭدە
ئاناڭنى يالىڭاچ ھالدا كۆرسەڭ كېرەك
قورقۇنچلۇق يات جايلارنى، تىك قىيالارنى كۆرسەڭ كېرەك
سەن: قىزلار ئۈمىدسىزلىككە چۆكۈپ قاپتۇ
بىزنىڭ ئەسلىمىز ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولدى
دەپ يەكۈن چىقاردىڭ

You were curious, horrified and self-denigrating
You were only thinking that if you killed a great amount of ants
Afterwards, you would tell everyone you met
The stars had slaughtered each other

3

You often smoked in the restroom
Enjoying the pleasure of relieving yourself
In your heart: we can almost catch up with time
We can almost catch its tail
We are almost done, you thought
But you modified your name quite a few times
As if it was your strange name
Which accounted for every one of your failures
"Hawderiyim, Hapdderiyim, Abderiyim,
Abdureyim, Abdurihim, Abdurehim"
Sometimes you thought: do names really come from Heaven?
That damn sickness of linguistic mutation would start to take over
In a craze you would say:
The sky is full of dead sparrows
The sky is full of dead sparrows

4

Sometimes, in your dreams
Perhaps you saw your mother naked
Perhaps you saw unfamiliar frightening places, steep cliffs
You concluded: the girls are desperate
Our ethnos will be altered

سەن ئاغرىپ قالمىدىڭ، خۇددى ياۋايى هايۋاندەك
ناهايىتى سەگەك هالدا، بىر كومىلاچ قۇش مايىقىنىڭ
مۇرەڭگە چۇشۇپ چىچىڭنى قىزارتىۋەتكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇردۇڭ
رەڭلەرنىڭ ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان مەزمۇنى
خۇددى كۇچلۇك هاراقتەك بېشىڭغا چىقتى
مېنىڭچە، سەن خولېرانى، مېۋىنى كۆشەپ
بىچارە ئۆچمەنلىكىڭنى بېقىۋاتىسەن
گويا ئىسسىق بەدىنىڭدە پىتلىرىڭنى باققاندەك

5

سەن تۇيۇقسىز چىرايىڭغا قارىماقچى بولدۇڭ
سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سۆزلىدىڭ
كالۋالاشتىڭ، چوڭقۇرلۇققا قاراپ ماڭدىڭ
جان ـ جەهلىڭ بىلەن ساقال ئالدىڭ
ۋەهىمىگە يېقىنلاشتىڭ
ئاۋازلارنى ئېلىپ كەتكۈچى قۇيۇن ئىچىدە
شىمال توڭلىماقتا

ئابدۇرەهىم
ئەي مېنىڭ جانجىگەر دوستۇم!

1994 ـ يىلى يانۋار، بېيجىڭ

You were not sickened, just like a beast
Alertly, you felt a bird's turd drop on your shoulder
Which made your hair turn red
The inexplicable meanings of colors
Stunned you like stiff alcohol
I think, you are ruminating on cholera and fruit
Feeding on your pathetic resentment
As if you were feeding lice with your warm body

5

Suddenly you wanted to see your own face
You talked to yourself
You became foolish, sank into the deep
Shaving your beard with all your strength
You approached the horror
Inside the whirlwind which carries away the sound
The North is frozen
Abdurehim
Hey, my best friend!

*January 1994, Beijing*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## رىۋايەت

مۇشۇ چاغقىچە
سەن ئايلانغان ئاشۇ جايلار
يەنىلا قورقۇنچلۇق ھالدا مەۋجۇت،
سايە تاشلىماس سېنىڭ ئالدىڭغا.
ئاينىغان كېچىلەر، بىنورمال كۈندۈزلەر.
ئېگىز ھارۋىلارنىڭ كوچۇشى
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ.
سېنى سىيپاپ ئۆتكەن تېزلىك
ئاياغ ئىزلىرى تاشقا ئايلانغان
تاغ قاپتىلىغا يېتىپ بارىدۇ.
ئوچۇق مەيدىلەرگە باقساڭ،
ئەرلەرنى مەدھىيەلەيسەن؛
كۆزۈڭنى يۇمساڭ،
شاماللىق جايلارغا كۆيۈپ قالىسەن.
سېنىڭ قەلبىڭدىن ئېتىلىپ چىققان بىر دەقىقە
ناخشا بىلەن مۇزىكىنى، تاغ بىلەن قاپتالنى،
ئادەم بىلەن ئىلاھنى ئايرىپ تاشلايدۇ.
چوكمىگە ئايلانغان كۆز ياشلىرى
سىلىق بارخانلارنى دولەيدۇ.
زۇلمەت كېچىنىڭ مەزمۇت دارلىرى
ئاشۇ يەردىن ئاستا كوتۇرۇلۇپ،
پارلاق قۇياش نۇرى ئاستىدا چورگۈلەيدۇ.
دەل شۇ چاغدا، بىر توپ مامكاپ
خوتەننىڭ شەرقىدە يەنىلا ئۆسىدۇ.
بىر قېتىملىق خەتەرلىك سەپەردىن كېيىن
سەن بۇرۇنقىدەكلا

## A Fairy Tale

Even now
The places to which you had traveled
Still exist in a horrifying way,
But it doesn't cast a shadow in front of you.
Irregular nights, abnormal days.
The migration of the high chariots
Sinks into the deserts.
The speed which caressed you
Entered a valley
Where the footprints were fossilized.
When you look at the bare chests,
You veneratemen;
When you close your eyes,
You fall in love with balmy places.
A moment of clarity burst from your heart
Song and music, mountain and valley,
Man and God, your heart is broken.
Sedimented tears
Mound up in smooth dunes.
The firm gallows of a dark night
Gradually rising out of this,
They revel under the sunlight.
Meanwhile, a dandelion
Still grows east of Khotan.
After a dangerous trip
Just like before

تەڭرىتېغىنىڭ ئەھمىيەتسىز چوققىسىغا دەسسەپ چىقىسەن.
سېنىڭ ئەتراپىڭدا
سانسىز نامسىز ئاسمان جىسىملىرى پەيدا بولىدۇ.
بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەربىر ئويى
سېنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

1995 - يىلى ئىيۇل، بېيجىڭ ـــ ئۈرۈمچى

You still climb the meaningless peaks of the Heavenly Mountains.
There are countless celestial bodies.
Perhaps every one of their ideas
Completely the same as yours.

*June 1995, Beijing – Ürümchi*

*Translation by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ئىككى ئادەمنىڭ ئەپسانىسى

مەن پۈتۈنلەي پارلىدىم. زېرىكىشلىك مۇزىكا ئاۋازى.
گۈش بىلەن سۆڭەكنىڭ ئاجرىشى ئۆلۈك سۇغا يولۇقتى.
كۆلكىلىك مەرۋايىت، گۆرۈچ، يەپ تۈگىتىلگەن چىش
ۋە ئەقىلنىڭ ئېلېمېنتلىرى ــ مېۋە، ئاغرىق، ھەممىسى بار،
تاكى تارىمنىڭ قورىسقى سېسىغانغا قەدەر!
بىر پارچە چىرىگەن ياغاچ سۇنىڭ ئۈستىدە،
ئۇنىڭ پۇتى يوق، بىر قولى
قۇش تۇخۇملىرى بىلەن سېنىڭ كۆز چاناقلىرىڭنى تولدۇرىدۇ.
ئىيۇن ئېيىنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدا، سەن بىلەن مەن كۈتكەن
ئېتىقادنىڭ يان تەرىپى ئاستا - ئاستا يىمىرىلىپ چۈشىدۇ.
تاقىر تاغلار ئىدىيە تۆپەيلىدىن مەجرۇھ بولغان بوستانلىقلارنى
كۆرسىتىپ:
ــ بارغىن، بارغىن، باشقىلارغا تەقلىد قىل! ــ دەيدۇ.
ئەي مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن زۆھرە، سەن مېنى سۆي!
توقۇلمىلارنىڭ مەنىسى تەسەۋۋۇرۇڭنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللەتكۈسى،
سەن شامالنىڭ رەڭگىنى بىلىشىڭ كېرەك.
سانىسىز نەيزە ۋە
چەكسىز شەيتان ئازابىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ،
چۈنكى، مەن ــ تاھىر!
مانا، ئالدىمدا بىر كورا سۈت قاينىماقتا.
ماڭا ياغاچ ساندۇقنى بىر هاراقكەش بەرگەن،
مەن يات دۆلەت دەرياسىدا توپتوغرا سەككىز يىل ئاقتىم!
بىراق، مىڭ يىل ئۆتۈپتۇ، مەن تېخى سېنى كۆرۈپ باقمىدىم.
بىرى ماڭا: ئۇنى ئىزدەپ تاپ، ئۇنىڭ لېۋىنى چىشلەپ ئۈزۈۋال، دەيدۇ.
ئاي ئارقا تەرىپىمدە يېشىل ھەم ئۆتكۈر ئىس چىقىرىدۇ،
ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ، خۇددى چۈش ئىچىدىكى بېشارەتتەك.
كورلا غەمكىن شەھەر، نەم شەھەر، ئۇ يۇمىلايدۇ،

## The Tale of Two People

I am completely enlightened. The boring sound of music.
Muscle detached from bone in its encounter with dead water
Laughable pearls, rice, a tooth that was swallowed and
The elements of wisdom – fruit, pain, everything is there,
It's enough to make the Tarim's stomach rot!
There is a legless decaying log on the water, its one hand
Fills your eye sockets with bird eggs.
Under the June sunlight, the edge of the faith you and I waited for
Slowly, slowly fragments.
Barren mountains point at the oases crippled by this idea:
"Go, go, imitate others!" they say.
Hey, Zöhre, you who was destined to be mine, give me a kiss!
The meaning of fiction alleviates the heavy burden of your
   imagination,
You must know the color of the wind, countless spears and
The infinite pains of Satan are mine,
because, I am –Tahir!
Here, a pot of milk is boiling in front of me.
A drunk gave a wooden chest to me.
I floated on a foreign river for eight whole years!
But, a thousand years have passed, and I still haven't seen you.
Someone told me: find her, bite her lips cutting them off
The moon emits a sharp green haze from behind me,
It will never quit, just like my dream predicted.
Korla is a miserable city, a damp city, rolling along,

مەن ئۇنىڭ يېنىدىن غىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن.
يانچۇقۇمدا كىچىك بىر «قۇرئان» بار،
نېمىدېگەن بۈيۈك قىلىق ـ ھە! مەن ياشاشتىن قورقمايمەن،
بىراق، يەنە شۇنچە توخۇ يۈرەك: قاغاش ئالدىدا كېكەچلەيمەن.
بىلىمەن، زۆھرە، سەن ھامان بىرىنى سۆيۈشكە موھتاج.
مەن ھازىر غەرق مەست، يالاڭ ئاياغ ئۆرە تۇرىمەن،
باخشىلار قايتىپ كەلدى، ئۇلار جىنلىرىنى چاقىرىپ كېسەللىمنى داۋالايدۇ،
مانا بۇ ـــ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلى.

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

I move around it stealthily.
There is a tiny Qur'an in my pocket,
What fantastic behavior, eh! I'm not afraid to live,
Yet, still such a coward: I stammer before I curse.
I know, Zöhre, in any case you need someone to love.
Now I'm stone drunk, standing barefoot,
The shamans have come back, they call their djinns to treat
my sickness,
This is only just the life-style of ancient people.

*October 1995, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# تاش ئەينەك

بۈرۈن مەن سېنىڭ تاش ئەينەككە قاراپ تۇرغىنىڭنى كۆرگەن،
شۇ چاغدا سېنىڭ سۇ تەپچىرەپ تۇرغان ئىدىيەڭ ماڭا ناھايىتى يېقىن ئىدى.
بۈگۈن سەن قىش شامىلىنىڭ تەمىنى تېتىدىڭ، ئاچچىق تەم.
ئوخشاش بىر چۈشكۈنلۈك كېسىلى، ئوخشاش بىر ھەسرەتلىك قىياپەت.
كېچىنىڭ ئىككى تامچىسى سېنىڭ كۆزلىرىڭ!
تاش ئەينەكنى نەدىن تاپقانسەن؟ قەدىمكى دەۋردىنمۇ؟ ياكى چۈشۈڭدىن؟
ئۇ چاغلاردا يۈرەكلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئىدى، شامال ئىدى،
يەنە قاپقارا پۈراق بار ئىدى، بىراق تارقاپ كەتمىگەن.
مانا ئەمدى، بۇلۇتلار سېنىڭ قۇلاق تۈۋىڭگە قىستاپ كېلىدۇ، ئاڭلىمايسەن،
ھەسرەتلىك سوغۇقنى سېزىسەن، بېشىڭنى ئاستا كۆتۈرىسەن،
غېرىبلىق غېرىبلىققا ئەگىشىدۇ، قۇياش نۇرى قۇياش نۇرىغا سىڭگەندەك.
ئېيتقىنا، مەن مۇزلاپ كەتكەن لېۋىم بىلەن سېنى سۆيەلەرمەنمۇ؟
ئېيتقىنا، تاش ئەينەكنى يورۇتقان قۇياش بىزنى يۇتۇپ كېتەرمۇ؟
خوش، ئەي گۈلۈم، قاچقىن، قاچقىن، يىراقلارغا كەت!
بىراق، دەرەخ دېگەن زېمىنغا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ،
بۇ يەر تېخى قىش، دەرەخلەر تېخى يوپۇرماق چىقارمىدى.
سۇس ئالتۇن رەڭلىك بىر تۇتام روھ ئالقىنىمدا، بارماقلىرىمدا.
باھار پەسلى مېنىڭ ئىرادەم.
ۋاقىت تېخى ئۇزۇن، خۇددى ۋاقىتقا ئوخشاش.
ئەي گۈلۈم، قېنى جاۋاب بەر: ئىككىمىزدىن كىم ئاۋۋال ئۆلسۈن؟!

1995 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

## The Stone Mirror

I saw you looking in the stone mirror before,
dripping water, your idea was so close to me then.
Today you tasted the winter wind, a bitter taste.
The same depression, the same downcast features.
Two drops of the black night, your eyes!
Where did you find the stone mirror? In a bygone age,
  or in your dream?
In those times all hearts were sand, were wind,
and they had a black smell that wouldn't fade.
Now, clouds crowd into the bottom of your ear, you can't hear,
you feel the mournful cold, you slowly lift your head,
loneliness follows loneliness, as sunlight sinks into sunlight.
Tell me, can I kiss you with frozen lips?
Tell me, will the sun that lights the stone mirror swallow us?
Goodbye my dearest, flee, get far from here!
But a tree will not defy the land.
Here it's still winter, the trees haven't yet grown leaves.
A handful of pale gold soul in my palm, in my fingers.
The spring season is my resolve.
Time is still long, like time itself.
Oh my dearest, tell me now: which one of us should die first?

*November 1995, Ürümchi*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# تام

تاڭ سەھەر سوغ ھاۋا تەگدى يۈزۈمگە،
سۈبھىنىڭ ئاچچىقى كەلمەكتە پۇراپ.
يۇلتۇزلار ئۈستۈمدە كىچىك ھەم ئېگىز،
تۇرىمەن جۇۋۇدا ئۆزۈمنى ئوراپ.

قەشقەرنىڭ سوغۇقى يېڭىلىق ئەمەس،
تەبىئەت قەلبىمدەك قارا، ناتونۇش.
ئېگىز تام يۈزىگە خەت يېزىپ قويدۇم:
مەندىكى ئەركىنلىك ـ ئەسلەش، ئۇنۇتۇش.

ئاخشامقى قايناقسۇ مۇزلىدى چوقۇم،
قوۋزاقلار ئېھتىمال كەتتى يېرىلىپ.
پۇتۇمدا لاتا كەش، بېشىمدا تۇماق،
قارايمەن ئەتراپقا كەيپىم چېچىلىپ.

دەرەخنىڭ ئۇچىدىن چىقار يەنە كۈن،
خىرە نۇر تېخى يوق شەرقتە — تاغدا.
ئويغىنىش پۇشتىكى چېلىنار ئەمدى،
رىزۋانگۈل، ئەسلىدىم سېنى شۇ چاغدا.

1998 ـ يىلى فېۋرال، قەشقەر

## Wall

At daybreak cold air brushed my face,
dawn's bitter smell is closing in.
The stars above me are small and high,
I stand wrapped in a coat of sheepskin.

The cold of Kashgar is nothing new,
nature is strange like my heart, and black as jet.
Up on a high wall I wrote these words:
My freedom—to remember, and to forget.

Last night's boiled water must be frozen by now,
the bark on the trees has probably split.
Rag shoes on my feet, a fur hat on my head,
my mood sours, I look around me a bit.

The sun will rise again from the tips of the trees,
in the east, in the mountains, still no dim light in view.
The wake-up horn will be sounded now,
Rizwan'gül, at that moment I thought of you.

*February 1998, Kashgar*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# قەشقەرگە قايتىش

قەشقەرنىڭ سىرلىق ۋە ناتونۇش تۇرقىغا قاراپ
ئۇلۇغۋار ئاخشاملارنىڭ ۋەھىمىسىدىن تېنىم شۈركىنەر.
توي قىلغان قىزلار، ئۆلۈپ كەتكەن دوستلار، قۇرغاق باھار.
زېمىندىن يوقالغان بىر چىمدىم توپا كۆز دېگەن:
تېلېۋىزور، موخوركا، كىر پايپاق، تەرجىمە ئارگىنالى.
كۆك كۆۋرۈك ۋە كۆكتات بازىرى خىرە ئېسىمدە،
سۆڭەكسىز مەخلۇقتەك ياتتىم سوزۇلۇپ،
قورسىقىم ئاچ، چىرايىم قارا، قەلبىم قۇپقۇرۇق!
لېكىن، يىراق ئۈرۈمچىدە مۇزدەك تاشنى چاينايدۇ بىرى،
كۆزى، يۈزى نەم: ئالدىدا گۇناھ، ئارقىدا خۇدا.
قەنت سالغان ئۇماچتىن سۇزۇك ھور چىقار،
توك سىمىدا ئاستا دەسسەپ قۇشقاچلار يۈرەر،
پاكار ئاسماندا مۇدھىش ئېغىرلىق.
مىسكىن قېرىلار، ئالجىغان ياشلار، ھېرىسمەن باللار،
ئۈچ يىلدىلا ھەممىسى قېرىپ سەتلىشىپ كەتتى.
قەشقەر — قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى دەقىقە،
قۇياش يۈزىگە چاپلانغان قەغەز، مەڭگۈلۈك قارا سىياھ،
كونىرىغان، شەلۋەرىگەن يارا، بىچارە مۇھەببەت.

بىراق، سىز
شامالنى پوملاپ ئاسمانغا ئېتىپ،
ئاندىن ماڭا قاراپ قويدىڭىز،
خىيالىمىزدا تەڭگىدەك تۆشۈكتىن يامغۇر تامچىلار.

1998 - يىلى مارت، قەشقەر

## Returning to Kashgar

Watching the mysterious unknown figure of Kashgar
I shudder in dread of glorious nights.
Girls that have married, friends that have died, a dry spring.
Eyes are a pinch of earth that has vanished from the land:
a television, some cheap tobacco, a dirty sock, the original of
a translation.
The green bridge and the greengrocer market are dim in my
memory,
I lie stretched out like a boneless animal,
my stomach is hungry, my face is dark, my heart is empty!
But in far Ürümchi someone chews an icy stone,
her eyes, her face are damp; sin before her, and God behind.
Clear steam rises from sugared cornmeal gruel,
sparrows step slowly along the power lines,
in the low sky a frightening heaviness.
Dejected elders, wayward youths, eager children,
in just three years all have grown old and ugly.
Kashgar is the moment between eyebrow and eyelash,
paper stuck to the face of the sun, eternal black ink,
a festering old wound, pathetic love.

But you
balled up wind and threw it at the sky,
then you looked at me,
rain drips from a coin-sized hole in our thoughts.

*March 1998, Kashgar*

*Translated by Joshua L. Freeman*

## ئۈرۈمچى

بىر شەھەر.
ئۆلۈك مۇزلار ئىچىدە
ئېلىپ كەتكەن قەدرىنى ئۇنىڭ
ئۇزاق زامانلاردىن قالغان سوغ شامال.
چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن
يۇلتۇزلارنىڭ سۇدىكى ئەكسى؛
يەر تېگىدىن ھور چىققان يەردە
ئېسەدەشنى كۆردۈم كۈندۈزى.

بىر شەھەر —
تەكرار سۆزلەنگەن قالايمىقان بىر ھېكايە،
لېكىن، بۇ ھېكايىنىڭ ئىچىدە مەن يوق.
ھەتتا
ئۇزۇن يىل بۇرۇنقى ئاپتاپلىق كۈنى،
مۇھەببەتتىن قورققان پېتى
بۇ شەھەردىن يوقاپ كەتكەن كېسەلمەن بىر قىز،
چۇشەنگىلى زادى ئۇنىماي
«سىزنى سۆيىمەن!» دېگەن ئۇيغۇرچە گەپنى.

بىر شەھەر،
ماڭا ئوخشاش ھارغىنلىق يەتكەن؛
بىر شەھەر،
باھار ۋە كۈزنى تەرك ئەتكەن؛
بىر شەھەر،
تۇمان ئىچىدە يىراقلاپ كەتكەن.

2007 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## Ürümchi

A city.
Inside the dead ice
Its significance removed
By a cold wind that remains from long ago.
Soaked to the bone
A reflection of stars on the water;
I saw sobbing in broad daylight
Where steam rose from underground.

A city—
A repeated, chaotic story,
But, I do not exist in it.
Even
On a sunny day long years ago,
When a frail girl disappeared from this city,
Fearing love,
She never wanted to understand
The Uyghur words "I love you!"

A city,
As exhausted as I am;
A city,
Which abandoned the spring and autumn;
A city,
Fading away in the fog.

*March 2007, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# مەن بىلدىم

1

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەھەردە
چۈشۈمدە كۆرگەن تاغ ئوت بولۇپ يانغان شەھەردە
خام خىيال يەنە ساقىپ چۈشتى ئورۇق يۈزۈمدىن
كۈلكىلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئۆچتى كۆزۈمدىن
ساختىلىققا كۆنگەن قولۇمدا تۇتتۇۋالدىم قىزىل لەۋلەرنى
تونۇۋالدىم خۇمار كۆزلەرنى، شۇ چاغ يىغلاپ تاشلىدىم
مەن بىلدىم
بەلكىم خۇدا قەلبىمدە ئايلاندى تۇزغا
كارىۋات قاتتىق، بىئارام ۋە كونىراپ كەتكەن
تورۇستىن كۆردۈم: تۇمان ئويغانماقتا بىر قىز قوينىدىن

2

مەن بىلدىم
يىراقلاردا سەن بار سەرگەردان
بۇرۇنقى زاماندىكى گۈزەل بىر چوكان
ئۇرۇمچىنىڭ ئۇزۇن قىشىدا، مېنىڭ بىلەن ياتقۇڭ كېلەمدۇ؟
بەدىنىڭدە زاغرا پۇرىقى، سۇمبۇل چېچىڭنى ئۆرۈپ بولالماي
سۆيگىنىڭنى سۆيۈپ بولالماي، ئۆلگۈڭ كېلەمدۇ؟
يۇلتۇز تەشكەن كۆزلىرىڭنى تىكىسەن ماڭا
مەن بىلدىم
ئازابلانغۇڭ يوق، ئۆلۈمدىن قورقىسەن،
ئۆلگۈڭ بار ئەمما
ئاسان ئۆلۈم تىلەيسەن دائىم:
ئىبادەتتە ئولتۇرغان پېتى ئۆلۈپ كەتسەكچۇ!؟
مەن بىلەن ياتقان پېتى ئۆلۈپ كەتسەكچۇ!؟

## Then I Knew

1

In an exhausted morning
In the city I dreamed I saw a mountain on fire
An illusion again dripped from my skinny face
Laughable tales flashed before my eyes
With my hands accustomed to falseness I caught the red lips
Covering my starry eyes, I suddenly burst into tears
Then I knew
Maybe, God was transformed into salt in my heart
The bed is hard, painful and worn
I saw on the ceiling: mist waking from a girl's arms

2

I know
You are an exile in a distant place
A beautiful maiden from the past
In the long Ürümchi winter, would you like to lie with me?
There is a corn bread smell on your body, would you like to die
Without braiding your long hair, without kissing your lover?
You stared at me with eyes pierced by stars
I know
You don't want to feel pain, you fear death, nonetheless
You want to die
You always pray for an easy death:
Shouldn't you die while praying!?
Shouldn't you die while sleeping with me!?

خوددى ئاشۇ ئوقۇغۇچى قىز
كەچتە ناشتىلىق تاماقىا خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ
ئەتىسى تاڭ ئاتاردا جىمجىتقىنا ئۆلۈپ كەتكەندەك

3

1947 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بىر قىز
ئۆلۈپ كەتتى تېخى يېقىندا
ئۇنىڭ ئېسىدە ئۇزۇق ـ تۈغقانلىرىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغان
چالا ـ پۇچۇق بىر مۇھەببەت ھېكايىسى بار
تۇرۇپ ئويلايمەن: ياشىسامچۇ ئاشۇ يىللاردا
ئۇ چاغلاردا چوقۇم كۆندە يېغلىق، كۆندە ھاياجان
كۆندە جان قايغۇسى، كۆندە ئۆلۈم،
كۆندە مۇھەببەت!
مەن بىلدىم
تارىخنىڭ بىزگە يېقىنلىقىنى، بىز بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى
مەن بىلدىم
دوستلۇقنىڭ ئېغىر يۈكىنى، مۇھەببەتنىڭ كېسەللىكىنى
ئاتا ـ ئانىنىڭ بىمەنىلىكىنى، بالىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى
قېرىلىقنىڭ مەينەتلىكىنى، ياشلىقنىڭ كالۋالىقىنى
ئەرلەرنىڭ ساختىلىقىنى، ئاياللارنىڭ ئازابلىقىنى
مەن بىلدىم
بارلىق ئەسلىملەرنىڭ بەرھەق راستلىقىنى!

4

مانا ئاشۇنداق بىر سەھەردە،
بېلىگە ئاق، كۆك، قىزىل، قارا لاتىلارنى
باغلىغان دەرۋىش يېتىپ كېلەر ھېيت بولغان يەرگە
كۆزلىرى خىرە، بەدىنى قاسماق، تۈرقى كۆرۈمسىز
لېكىن، كۆچى قۇدرەتلىك، گېپى ئىلاھىي
قىلىقى سىرلىق
ئۇنىڭ ئالىقانلىرى تەڭلىنەر ماڭا:

Just like that student who died peacefully in the dawn
After she finished kneading the dough for breakfast

3

A girl who studied at the Kashgar teacher's school in 1947
Passed away recently
Except for her relatives she couldn't remember anyone
She had an unfinished love story
Suddenly I think: imagine if I had lived in those years
There must have been some novelty and excitement every day
Every day there were life and death struggles,
Casualties and love!
I know
That history is so close to us, living with us
I know
The heavy burden of friendship, the disease of love
The absurdness of parents, the weakness of children
The dirtiness of age, the stupidity of youth
The falseness of men, the painfulness of women
I know
The absolute truth is in all these memories!

4

On a morning just like that
A dervish, who had wrapped red, yellow, blue and green cloths
Around his waist, comes to an *Eid* celebration
His eyes are blurry, his body is dirty, he looks ugly
But he is powerful, his remarks are mythic
His behavior is mysterious
His palms would reach out to me:

ـــ ھەق دوس، ئىللەللا!
مەن نېمە دەي؟ نېمەمنىمۇ بېرەي ئۇنىڭغا؟!
ئەگىشىپ كېتەيمۇ بىللە چۆللەرگە
مازارلارغا، بازارلارغا، تاغلارغا، باغلارغا؟!
تۇتۇپ بېرەيمۇ ئۆزۈمنى
يىلانلارغا، چايانلارغا، پىتلارغا، بۆرگىلەرگە؟!
مەن قانداق قىلاي؟!
ئۇ دۇنيانى ئويلايمۇ، بۇ دۇنيانىمۇ؟!
مەن بىلدىم
چوقۇم ئۆلۈشىمىز كېرەكلىكىنى!

5
مەن بىلدىم
قىيامەت كۈنى قورام تاشلار ئەتىۋارلىشىپ
قولدىن قولغا ئۆتۈپ يەرگە تەگمەسمىش
قىيامەت كۈنى جاھان ئوت بولۇپ يېنىپ
بىر تۈپ بۇيا سايىسىدا سايىدارمىش قىرىق ئەركەك
قىيامەت كۈنى ئەڭ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ
ئېشەك مىنىپ كېلەرمىش دەججال
قىيامەت كۈنى قۇتقۇزارمىش ئېلىۋەتكەن تىرناقلار بىزنى

6
مەن بىلدىم
مېنىڭ ئايشەم ئابدۇۋاھىت دېگەن هاممام شۇنداق دېگەن:
ـــ خۇدا ئۆزى چىگكەن تۈگۈننى ئۆزى يېشىدۇ.

2008 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

"True friend of Allah!"
What would I say? What do I have to give him?
Would I follow him into the wilderness?
Shrines, bazaars, mountains, gardens?
Would I give myself over to the snakes, scorpions, lice, fleas?
What would I do?
Would I think for this world or the next?
I know
We will all definitely die!

5
I know
It is said that
On the day of judgement the rocks will become valuable
Passing from hand to hand without ever touching the ground
On the day of judgement the world will be on fire
Forty men will find refuge in the shade under a licorice bush
In the resurrection,
The Antichrist will ride on a donkey
Singing the most mournful songs
And only our fingernail trimmings will save our lives

6
I know
My aunt Ayshem Abduwahit once said:
"God will untie the knot which he himself has tied"

*May 2008, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ئاغرىق

«مېنىڭ باغرىم سىلەر بىلەن.»
— ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ «ئازايىم» قوشىقىدىن

1

كېچىدە كىيىمنى سالمايلا ئۇخلاپ قالغانلار
چىغىر يولغا خەتەرلىك كۆلنى تۆكۈپ ماڭغانلار
پۈتى بىلەن قۇمنى جىجاپ شېئىر يازغانلار
قىزىل رەڭدىن سېرىق رەڭنى ئايرىۋالغانلار
تاڭ سەھەردە يۈزىنى يۇماي ناشتا قىلغانلار
زاۋال پەيتى خۇدانى سۆيۈشتىن قۇتۇلالمىغانلار
ئۆلۈم يېنىڭلاردىن ئۆتۈپ كەتتى، كۆردۈڭلارمۇ

بىر چاغلاردا، تىنىش بەلگىلىرى يوق جايلاردا ياشىغانىدىم
قەغەزدىكى قوڭۇر داغلارنى تۈكۈرۈكۈمدە سۈرتكەن پېتى
ئاشۇ كونا قەغەزنىڭ ۋە جان تالىشىۋاتقان قارا سىياھنىڭ
سۆيۈملۈك پۇرىقى نەقەدەر يۇمشاق
لېكىن، ئىچىم ئاغرىيتتى تىنىش بەلگىلىرى يوق جۈملىلەردىكى
بابۇر مىرزا ۋە باشقىلارغا
(سەلتەنەت دەردىدە ساراڭلارچە غەرق مەست بولغان)
مانا بۈگۈن
سۇنغان سول قولۇمنى ئاق لاتا بىلەن مەھكەم تېڭىپ
ئاغرىقنى سەزمەي
ئوڭ قولۇمدىكى رەسىمىگە قاراۋاتىمەن
رەسىم كەينىدىكى خەنزۇچە خەتنى ئوقۇۋاتىمەن
دەپ بېرەيمۇ بۇنى

## The Sickness

*"My heart is with you all"*
*From the Uyghur Shamanic ballad "Azayim"*

1

People, who slept without taking off their clothes
People, who poured the dangerous ashes on the pathway
People, who wrote poems on the sand by scribbling with their feet
People, who differentiate yellow from red
People, who had breakfast without washing their faces
People, who couldn't tear themselves away from loving God at dusk
Death just passed by you, did you see it?

Once I lived in a time without punctuation marks
I used my own saliva to clean off the brown spots on the paper
How soft was the lovely smell of that old paper
and struggling black ink!
But, I felt grief for these sentences without punctuation marks
About King Babur and the others
(Who were in a drunken craze for the throne)
Here today
I tightly bound my broken hand with a white bandage
and didn't feel pain
Looking at the picture in my right hand
reading Chinese words on the back of it
May I tell this to the lady

يول بويىدىكى تاش ئۇستىدە ئولتۇرغان
جىمجىت جۇۋانغا
(كۈن نۇرى ئۇنىڭ بويىنغا چۈشۈپ تۇراتتى
ئاستىدىكى قورام تاش قاتتىق ئەمەس چىك ئىدى)

مەن سىلەرنى كۆرۈشكە شۇنچە كۈچىدىم
تومۇرلىرىم چىخقالدى، كۆزلىرىم تالدى
لېكىن، سىلەر مېنىڭ ئاغرىقىمدىن زېرىكتىڭلارمۇ

2
يەتتە ياشلىق بىر بالا
چىخگىلەكنىڭ غۇنچىسىنى يەيدىغان بىر بالا
جىگدىنىڭ يوپۇرمىقىدىكى ھەسەلنى يەيدىغان بىر بالا
ئاق قوناقنىڭ شېخىنى يەيدىغان بىر بالا .
چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى يەيدىغان بىر بالا
قول ياغلىقىقا چىگىلگەن بىر جىڭ ئۆچكە گۆشىنى كۆتۈرۈپ
كېتىپ بارىدۇ
بۇرنىدا قان
بۇ بالا كىمنىڭ بالىسى، بىلدىڭلارمۇ

ئاپتاپ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك
توپلاشتىڭلار ئەتراپىمغا
سىلەر نېمە بولماقچى
سىلەر نېمگە ئايلانماقچى
مەن نېمىدىن ۋاز كەچمەكچى
مەن نېمىنى سىلىماقچى
مەن نېمىنى سىلەرگە كۆرسەتمەكچى
مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلادىن ئۆتۈپ كەتكەن شامالنىڭ ئالدىنى توستۇم:
ئەي شامال، سەن كۆزۈم گۆھىرىنىڭ ئانىسى ئۆزۈڭ
مەن سەندىن ئەيمىنىمەن

who was sitting peacefully
on a rock by the roadside
(The sunshine was shining on her neck
The rock under her wasn't very hard but, rather, firm)

I tried very hard to see you all
My veins were swollen, my eyes were tired
But, are you fed up with my illness.

2

A seven-year-old kid
A kid who ate the wild swallowwort bud
A kid who ate the honey on the desert date leaf
A kid who ate the white corn stalk
A kid who ate the wild licorice roots
Carrying a half-kilo of goat's meat wrapped
in a handkerchief
His nose bleeding
Whose son is this? Do you know?

Like a piece of the sky lifted away by the sunshine
You are gathered having not seen me
What will you be
What will you become
What will I give up
What will I stroke
What will I show you all
I stopped the wind which passed by you:
"Hey wind, you are the mother of my eyeball
I feel fear of you

قېنى، سەن ماڭا ئېيتىپ بېرەمسەن
زەھەر دېگەن قانداق نەرسە ئۇ
ئۇنى تۇتسام قولۇم تىترەمدۇ
بىر ئوتلامغا ئادەم ئۆلەمدۇ

مەن سىلەرگە پۈتۈمنى قىلىپ
كىيىمىم بىلەنلا دۇم يېتىپ ئۇخلىدىم
چۈشۈمدە قاپقار زۇلمەتنى تاپتىم
ئۇ مېنى باستى
بوينۇمدا يۆگىشىپ
قولتۇقلىرىمدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى
ئىككى يوتام ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى
جېنىمدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى
مەن قوڭغۇراق گۈلنى چاينىغاچ
تىكەنلەرگە دەسسەپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈۋاتقاندەك
ئۈن - تىنسىز ۋەھىمىدىن ھۇزۇرلانغاچ
ئاغزىمنى يوغان ئاچتىم!

3

دەستە ـ دەستە نۇر
ئوچۇم - ئوچۇم سۇ
سىقىم - سىقىم تۇپراق
تەكرار - تەكرار ئاغرىق
تارام - تارام جان
ئەي سىلەر، مېنىڭ باغرىم سىلەر بىلەن، تۇيدۇڭلارمۇ

چەكسىز سىزىقنىڭ بۇ تەرىپىگە
مەن بولماقچى بولغان مەن يەنە كەلدىم
قاراڭغۇلۇقتىن سوغۇرۇپ ئالغان پىچاقتەك
مېنىڭ قوينۇمدىن چىقىپ كەتتىڭلار

Now, can you tell me this: what sort of thing is poison?
Will my hands shiver if I touch it?
Will a person die if he takes a sip?"

Pointing my feet toward you all
I slept in my clothes on my stomach
I found the darkness in my dreams
It embraced me
Winding around my neck
Crawling through my armpits
Through my lap
and into my life line
As if I were biting a Chinese bellflower
While running crazily on the thorns
Enjoying the profound silent horror
I opened my mouth wide!

3

Rays upon rays of light
Handfuls upon handfuls of water
Fistfuls upon fistfuls of soil
Pulses upon pulses of pain
Trickles upon trickles of life
Hey you all, my heart was always with you, did you feel it?

To this side of the infinite line
I, the one who wanted to be myself, came again
Like a knife pulled out of the darkness
All of you slipped out of my arms

مەن سىلەرنى شەرەت قىلىمەن
ھەر سەھەردە زىكىر قىلىمەن
تىنىقىمدا ئالتۇن تور توقۇپ
ئاندىن سىلەرگە
پەلەمپەيلەردە ئۇيۇپ قالغان ئاياغ ئىزىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن

2009 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

I make secret signs to you all
I mention your names every morning
Weaving a golden net with my breath
And then
Show my congealed footprints on the stairs to all of you

*January 2009, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# چەكسىزلىك

مەن سۆزلەردىن ئەھمىيەت ئىزدەپ
قارا بېسىپ تىلىم تۇتتۇلغان چۈشتىن ئويغىنىپ
ئىتتىك سۆزلەشكە كۆنۈپ قالغان
دۇمبەمگە قانات ئۈنۈپ چىقىشىدىن ۋەھىمە يەپ
قۇشقاچ كاۋىپىغا ئامراق قىزلارنى
خوتەندىكى كەچلىك بازاردا كۆرۈپ
ئاسماننىڭ چوڭ بىر گۈمبەز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغان

مەن بىر خەتنىسى قىلىنغان مۇسۇلمان
تارىم ئويمانلىقىنى ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ئوخشىتىدىغان
يەنە بۇ ئوخشىتىشتىن گۇمانلىنىپ قىينىلىدىغان
مەن بىر پۇقرا، قىرىق بەش ياشقىچە
بۇ دۆلەتتىن چىقىپ باقمىغان
«چېگرا» دېگەن سۆز «ئۆلۈم» دېگەندەك تۇيۇلۇپ
غەلىتە تەرزدە روھلىنىپ كېتىدىغان
مەن قەدىمكى دەۋردىن ئېشىپ قالغان بىر باخشى بولۇشۇممۇ مۇمكىن
مۇرىتلىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن
جىنلىرى ئاللىقاچان توزۇپ كەتكەن
كارامەتلەر ۋۇجۇدۇمغا يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك
مەن بىر تال ماياق، قازاق پالچىنىڭ قولىدىكى ماياقنىڭ بىرى
ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغاندەك ھېس قىلىدىغان
مەن بىر ئەگرى سىزىق، ھالقىسىمان شەكىللەردىكى
مەن كاداڭ دەرەخنىڭ ياش ھالقىسىدا
مەن كەچكى شەپەقنىڭ نۇر ھالقىسىدا
مەن قۇل بارماقلارنىڭ ئىز ھالقىسىدا

## The Infinite

I search for meaning through words
Wake up from a nightmare in which I had become speechless
Accustomed to speaking fast and
Afraid of having wings on my back
Seeing girls who liked to eat sparrow kabobs
In a night market in Khotan
I believed that the sky was a great dome

I am a circumcised Muslim
Who likens the Tarim Basin
To a woman's womb and then begins to doubt this metaphor
I am a citizen, who up to the age of
45 has never left this country
The word "border" feels like "death" to me
And strangely cheers me up
Maybe I am a shaman left over from an ancient time
Whose disciples have already died
Whose djinns have already disappeared
There might be some miracles concealed in my soul
I am a turd, a turd in the hands of a Kazakh fortune teller
Who feels he determines the fate of others
I am a crooked line in circular shapes
I am in the age rings of an old tree
I am in the light rings of the dusk
I am in the creases of a slave's fingers

مەن بىر شائىر، مانا مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن شېئىر يازىدىغان
بەلكىم ئايالىم بۇنى ئوقۇپ قالسا چۈشەنمىدىم دەپ يەنە قاقشايدۇ
بەلكىم دوستلىرىم مېنى ساقايماس كېسەلسەن دەيدۇ
لېكىن مەن يەنىلا باغلاقلىق ئىتتەك خاتىرجەم
چۈنكى مېنىڭ بۇ تىنىمسىز مىسكىن قەلبىمدە
سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدىغانلار چەكسىزدۇر

2015 ـ يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

I am a poet who writes poems with these kinds of words
Maybe my wife will complain if she reads this
Maybe my friends will refer to me as one
who has caught an incurable disease
But I am still as peaceful as a stray dog
Because in this restless peaceful heart
There is an infinity of things which cannot be explained
through words

*February, 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# شەھەر كىچىسى

ئايروپورتتىن، ۋوگزالدىن، پاسازىر بېكەتتىدىن
چىققان سانسىز ئادەم
ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى ئاتار بۇ شەھەرگە
سىڭىپ كېتەر غەزەپ بىلەن يەرگە چېچىلغان پاسكىنا سۇدەك
لېكىن مەن پىيادە بارىمەن ئۇنىڭ كېچىسىنىڭ يېنىغا

چاقناپ ئۆتەر كۆز ئالدىمدىن
جاھىل كوچىلار، سەپرا ئاپتوموبىللار، مۇكچەيگەن بىنالار
چەكچەيگەن چىراغلار، قىلىقسىز يوللار، غېرىب ئەخلەتلەر
چىرايلىق زىندانلار، يالىڭاچ بېتون تۇۋرۇكلەر
مەن يەنە كەلدىم، دائىم كېلىمەن
خۇددى ھېچقاچان كېتىپ باقمىغاندەك
بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە بۇ كېچىنىڭ ماھارىتى
بىر قارا مۇشۇك ۋە بىر ئاق ئۆچكە بولۇپ
كېسىپ ئۆتىدۇ ئالدىمدىن ھەر قېتىم
مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇ:
تاغ بىلەن ئىككىمىز بۇ شەھەرنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ
ئىككى تەرەپكە سوزىمىز

ئەمەلىيەتتە
مەن بۇ شەھەرنىڭ ھېچنېمىسىگە قىزىقمايمەن
ئۇنى ھەتتا ئۇلۇشكە مۇۋاپىق جاي دەپمۇ قارىمايمەن
ماڭا چاپلاشقىنى ئۇنىڭ كېچىسى

## City Night

From the airport, train station and bus station
Countless people are emerging
Crazily they throw themselves at the city
Seeping with anger into the ground like splattered, dirty water
But I enter its night, walking

Glimmering in front of my eyes
Stubborn streets, angry cars, humpbacked buildings
glaring lamps, immoral roads, lonely trash
beautiful dungeons, naked concrete
I have come again, I often come
Yet it is as if I have never come here before
The prowess of the city and gift of the night
To become a black cat and a white goat
Crossing in front of me on and on
This is all I can do:
The mountain and I hold the two hands of the city
And pull it in opposite directions

Actually
I am not interested in anything about this city
I don't even think of it as a proper place to die
It is just that its night is crazy about me

ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىمەن، ئوغرى كۆزىگە قاراپ قويىمەن
قولىنى تۇتۇپ پەسكە تارتىمەن
تۇمانىنى يېپىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىمەن

بۇ شەھەردە مەن بىر دۈشمەن ئۆزۈمگە قارشى

2015 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

Out of pity I stroke its head and look into its shifty eyes
Grasp its hand and pull it down
Wearing its fog, I lie with it

In this city I am the enemy opposed to myself

*February 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# ماروژنىچى ساۋۇتجان

سالقىن شامال قوچۇپ تۇرغان مۇستەھكەم شەھەرنىڭ تونۇش كوچىسىدا
جىنسىي ھەۋەس ۋە باشقا قوزغىلىشلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان سالقىن
پەسىلدە
يول بويىدىكى چاكىنا گۈلنىڭ يوپۇرمىقىنى
بىرمۇنچە ئادەم تۆمۈر قوشىمىكىن دەپ
ئىسقىرتىپ سالىدىغان بىر چاغدا
سۇ بىلەن مۇز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئەھۋالدا
ئازابلىنىشقا ۋە چوڭ بولۇشقا ئىنتىزار باللار ئۇچرىمايدىغان
غىدىقلىنىشقا ۋە ئىچىدىكى ئوتنى بېسىشقا تەشنا قىزلار
توپلاشمايدىغان يەردە
مەن ماروژنىچى ساۋۇتجاننى ئۇچراتتىم

ئىككىلىنىپلا تۇرىدىغان ئاجىز ئىشىك
خورلۇق تارتقان قوش قەۋەت كارىۋات
ئۆز تەقدىرىگە تەۋەككۈل قىلغان قوتۇر شىرە
دائىم ئاچ قالىدىغان يېرىم ئوچۇق دېرىزە
مەيۈسلۈككە چۆككەن چاسا ئورۇندۇق
بىر ئائىلە قېرىندىشى كالۋالارچە قەتل قىلىنغان ئاپئاق تورۇس
كۆز ئالدىمغا كەلدى
بۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ بىر كوللېكتىپ ياتىقى ئىدى
مەن ساۋۇتجان بىلەن شۇ ياتاقتا تۇنجى كۆرۈشكەن

ئويلىدىمكى
ئۇ بىركىملەرگە ھەۋەس قىلىپ شېئىر يازغان
ئۇ بىركىملەرگە ھۈنەرگە كىرىپ شاگىرت بولغان
ئۇ بىركىملەرنى تەتقىق قىلماقچى بولغان

## The Ice Cream Man Sawutjan

A cool breeze stirred in the firm city's familiar streets
Sexual desire and the other stirrings completely forgotten
in the cool season
Many people thought the leaf of a gaudy flower along the
roadside
Was a bird made of iron and whistled
Due to the fact that nobody could even think of water and ice
now
There were no kids who had not yet grown old enough to
experience pain
In a place where no lustful, desire-quenching girls
Would gather
I came across Sawutjan the ice cream man

A weak, indecisive door
An insulted bunk bed
A dilapidated table which took a chance at its own fate
A half-opened window which was always hungry
A stool which was desperate
A lily-white ceiling whose siblings were stupidly slaughtered
Appeared in front of my eyes
It was in a collective student dorm room that
I first met Sawutjan
I thought
He wrote poems out of envy of others
He took a master in order to learn a skill
He tried to do research about some figure

ئۇ بىركىملەرگە شېرىك بولۇپ ئاشىپەزلىك قىلغان
ئۇ بىركىملەرگە ياللىنىپ مۇھەررىر بولغان

ساۋۇتجاننىڭ تاڭ سەھەردە ماروژنى ياسىيالىشىغا كىممۇ ئىشىنەر
ئۇنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى
ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قىينالغىنىنى
ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بالا تاپقىنىنى
ئۇنىڭ باشقىلاردىن قەرز ئالغىنىنى
ئۇنىڭ ئايالىنى ئەركىلەتكىنىنى
ئۇنىڭ مەست بولۇپ قۇسقىنىنى
ئۇنىڭ بالىسىنى ئۇرغىنىنى
ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى
ئۇنىڭ ئەلەم بىلەن يىغلىغىنىنى
ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلىرىنى
مەن كۆرمىگەن

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى مۆجىزە
ئەقلىگە سىغقان بولسا مۆجىزە بولمايتتى
دېمەك
بىز بىر مۆجىزە

2015 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

He partnered with someone as a cook
He was hired by someone as an editor

Who could believe, that with the dawn Sawutjan would
make ice cream
The nakedness of his appearance
The pain of his illness
The child he had with his wife
The loans he got from others
The way he doted on his wife
The vomit of his drunkenness
The way he beat his child
The way he danced
The anger of his crying
And his many other issues
I didn't see them

Existing itself is a miracle
If it was rational it wouldn't be a miracle
So
We are a miracle

*March 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# يىراقتىكى رىسالەت

يىراقتىكى رىسالەت
كۆچلۈك بارماقلىرىنى ئىشلەتمەيلا
مۇساپىنى ھېسابلايدۇ
ئۆرۈمچىگىچە بولغان
1200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقنى پەرەز قىلىپ
ئاپتوبۇس كارىۋىتىغا ئۆزىنى قانداق پاتقۇزۇشنى
يانتۇ يېتىپ كىتاب ئوقۇغاندا كۆزئەينىكىنىڭ تاقىشىپ قېلىشنى
ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى
يولدا نېمە يېيىشنى
نېمىلەرنى خىيال قىلىشنى ئويلاپ
يۈرىكى ئاغىدۇ
ئۆزىنى بەزلەپ
سۆيگۈ ئۈچۈن يىراققا كەتتىم، دەيدۇ
پۈتۈنلەي كۆنۈپ قالدىم، دەيدۇ
قۇملۇق تولىمۇ گۈزەل، دەيدۇ
مەن يالغۇز ئەمەس،دەيدۇ
لېكىن پۇرسەت تېپىپ يوشۇرۇن يىغلايدۇ

ئۇ ئەمدى
ئۇزۇن سەپەرگە ئامراق بولۇشى كېرەك
چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك
قۇمدەك چېچىلىپ، تاشتەك قېتىشى كېرەك
يانتاقتەك چېچەكلەپ، توغراقتەك سارغىيىشى كېرەك
كەڭرىلىكتىن قورقماسلىقى كېرەك
ئاپتاپتىن زېرىكمەسلىكى كېرەك
شامالدىن قاچماسلىقى كېرەك

## Faraway Risalet

Faraway Risalet
without using her strong fingers
counts the distance
to Ürümchi
she figures it might be 1200 kilometers
And she starts to worry
as she thinks of
how to squeeze into the cot on the bus
the way her glasses will pinch if she lies sideways
how to pass the time
what to eat on the road
what to daydream about
To soothe herself
She says, I make this long journey for love
She says, The desert is so beautiful
She says, I am not alone
She says, People here respect me
But when no one is looking she cries

Now,
She must enjoy long journeys
She must learn to take deep breaths
She must scatter like the sand, harden like a rock
She must flower like a thorn bush, yellow like a poplar
She must not fear the wide open land
She must not tire of the sunlight
She must not run from the wind

ئېزىپ قالماس كەسلەنچۈكتەك
ياكى
يېڭى كۈندۈرۈلگەن توگىدەك
يىراقتىكى رىسالەت

2015 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

Like a lizard that never loses its way
or perhaps
like a camel that's just been broken in
faraway Risalet

*March 2015, Ürümchi*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# يول

1

زىمىستاندىن ئامان قالغان بىر ئادەم بولسۇن
ئۇ يامغۇرنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ
شامال ئۇرۇقىنى ئېتىزغا چېچىۋاتقان
بىر دېھقاننىڭ قېشىغا بارسۇن
ۋە ئۇنىڭغا : «مانا مەن كەلدىم» دېسۇن
قايتىشىدا يەتتە ئۆيدىن پاختا تىلەپ
بارماقلىرىغا قىستۇرۇپ ماڭا كۆرسەتسۇن

2

ئەتىگەنلىك ناشتىغا ماڭغان بىر پەرىشتە بولسۇن
ئۇنىڭ قولىدا كۆك رەڭلىك بىر پوسۇلكا بولسۇن
ئۇ ئاشۇ پوسۇلكىنى تېز يوللانمىدا ماڭا ئەۋەتسۇن
ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر بۇلبۇلگويا چىقسۇن
ۋە ماڭا : «مانا مەن كەلدىم» دېسۇن
ئۇ پەرىشتە ئۆيىگە قايتىپ
پاختىدىن جىنچىراغقا پىلىك ئەشسۇن

3

يىراق چۆل - باياۋاندا پەقەت مەن ئۇچۇنلا ئۆسكەن
مەندىن باشقا ھېچكىم دىققەت قىلمىغان
بىر تۈپ دەرەخ بولسۇن
ئۇنىڭ غولى تۆمۈر، يوپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن بولسۇن
مەن شامالنىڭ ئۇرۇقىنى قويۇن يانچۇقۇمغا سېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا باراي
ۋە ئۇنىڭغا : «مانا مەن كەلدىم» دەي
قايتىشىمدا

## Road

1
Let there be a man who lived through the winter
Let him fill his inner pocket with rain
and find a farmer
sowing his fields with wind seeds
and let him say to the farmer: "Here I am."
On his return let him seek cotton at seven houses
and show it to me pressed between his fingers

2
Let there be an angel heading to breakfast
Let there be a blue package in his hand
Let him send the package to me express
From it let a talking bird emerge
and say to me: "Here I am."
Let the angel return home
to braid a cotton wick for his oil lamp

3
In the distant wilderness let there be a tree
growing there just for me
with no one else taking notice
Let its trunk be iron, its leaves silver, its fruits golden
I will fill my inner pocket with wind seeds
and find the tree
and say to it: "Here I am."
On my return

روجەك تۈۋىدە جىنچىراغ ئاستىدا ئولتۇرۇپ
بۇلبۇلگويانى چۈشەپ مۈگدەۋاتقان
دېھقاننى كۆرەي

2015 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

let me see a farmer
sitting by a window, beneath an oil lamp
drowsing, dreaming of a talking bird

*March 2015, Ürümchi*

*Translated by Joshua L. Freeman*

## چۈشتىن بۇرۇن

سېھرىنى توقاتقان ھاۋا تىمسقىلاپ يۇرگەن ئۆگزىدە
كۆكسى ئېچىلىپ قالغان ئۆرۈك دەرىخى چېچەكلاۋاتاتتى.
ئىسسىق بىلەن سوغۇق ئۇچراشقان پاسىلدا،
ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان بىر چوكان
ۋەھىمىنىڭ شېغىل دۆۋىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى.
بۇ — ھەممە ئادەم سوغۇقتىن قورقىدىغان بىر ۋاقىت ئىدى.
غەلىتە ئاۋازدىن ئەجەبلەنگەن توك ئىستولبىسى
يانتۇراق، يەنىمۇ يانتۇراق بولدى.
گەۋدىسى بىلەن سايىسى يول ئۇستىدىلا ئاجراپ كەتكەن،
نېمە قىلىشىنى تېخى تولۇق ئويلاپ بولالمىغان بىر ئەرۋاھ
رەسىدە بولغان ئۆرۈك چېچىكىگە پەرۋا قىلمىدى.
ئۇ توك سىمىنىڭ ئۇزۇلۇپ بېشىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن،
ئارانلا تۇرغان ئەھۋالىغا زەخمە يېتىشىدىن ئەنسىرەپ
ئىتتىكرەك، يەنىمۇ ئىتتىكرەك ماڭدى.
يىراقتا، كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالغان غۇۋا تاغ
ئاغزىنى پۇرۇپ تۇرۇپ چاڭ - توزاننى پۈۋلەۋاتاتتى.
ئەرۋاھ ئاخىر بۇ مەنزىرىنى كۆردى ۋە ئويلىدى:
تاغنى زېمىنغا قېقىلغان قوزۇق دېمىگەنمىدى؟!
تاغنى ھەسرەتنى توسقۇچى تۇغان دېمىگەنمىدى؟!
شۇ چاغدا، بۇ ئەرۋاھ ئۆزىنىڭ بىر ئاممىباب ئەرۋاھ بوپ قالغىنىغا ئەپسۇسلاندى.
ئۇنى نۇرغۇنلار قىزغىن سۆيەتتى، ئەتىۋارلايتتى،
سەن بولمىساڭ بىز قانداقمۇ قىلارمىز، دېيىشەتتى.
لېكىن ئۇ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي،
ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلالماي،
پىلاتونىڭ ئىدىيەلىرىدىكى شېغىل دۆۋىسىگە قاراپ قويىدى.
ئۇ ئۆزىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكىنى،
(خۇددى يالغان خۇرۇم چاپىنىنى سېلىۋەتكەندەك)

## Before Noon

A naked-breasted apricot tree was blossoming on the roof
While the disenchanted air was stealthily shifting about.
At the junction where heat meets cold,
A woman who was learning to drive
Bypassed a gravel pile of horror.
This was a time when every person feared the cold.
Surprised by the strangeness of the sound
An electric pole leaned, and then leaned some more.
On the road a phantom, his body detached from his shadow,
Unable to figure out what to do
Neglected the nubile apricot blossoms.
Afraid of being hurt by the electric lines breaking,
Wounding his fragile body,
He went faster and faster.
In the distance, a lifeless mountain was clamping its eyes shut,
Pursing its lips and blowing at the dust.
The phantom finally saw this tableau and thought:
Didn't they say the mountain was a stake nailed to the earth?!
Didn't they say the mountain was a dike against the pain?!
Just then,
The phantom regretted being ordinary.
Many people used to love him, cherish him
They said, what would we do without you.
But he was rather dubious about this,
He couldn't ascertain how significant he really was,
He had glimpsed the gravel piles of Plato's ideas.
He had realized, and then realized more, that,
He should escape from himself
(Just like taking off his fake leather jacket)

ئۆزى يوق بىر يەرگە بېرىش كېرەكلىكىنى
(خۇددى سۇزۇك سۇ قويۇق قان ئىچىگە كىرگەندەك)
كۈچلۈكرەك، يەنىمۇ كۈچلۈكرەك ھېس قىلدى.
بىرئازدىن كېيىن،
ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان چوكان
تاغقا تۇتاشقان
بارسا كەلمەس يولغا چىقىپ يىراقلاپ كەتتى.
ئۆگزىدە ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى.

2015 - يىلى ئاپرېل، تۇرپان

He should go someplace where he doesn't exist
(Just like clean water defusing in viscous blood).
After a while,
The woman who was learning to drive
Went away
Up the dangerous mountain road.
Nothing happened on the roof.

*April 2015, Turpan*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## ئەسلىمە

ۋاز كېچىلگەن ئىككى سائەتلىك ئۆلۈم. پۇراق.
كارتون قەغەزدىن ياسالغاندەك چىرايلىق بوۋاي
ماڭا قاراپ كۈلگەنىدى.

«كۆڭۈلدىن زادى چىقىپ كەتمەيدىغان ئاشۇ ئۇرۇشلاردا،
كېلىشكەن ئەسكەرلەر جۆيلۈپ ئۇخلىيالمايتتى،
چۈشىگە باشمالتاقتەك دىۋىلەر كىرەتتى.

قانىنىڭ رەڭگى. سۈيدۈكىنىڭ پۇرىقى. يارىنىڭ ئاغزى.
ئىسسىقنىڭ بىسى. سوغۇقنىڭ نەشتىرى. تەنىنىڭ تۆشۈكى.
ئۆلۈمنىڭ قوينى. ۋەھىمىنىڭ خۇمارى. مەن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن.

مەن ئەزەلدىن خىزىرنى كۆرۈپ باقمىغان.
ئۆزۈمنىڭ قاچاندا تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلگۈم كېلىپ،
دائىم كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قاراپ باقاتتىم.»

مەغلۇبنىڭ ئاقىۋىتىدەك ئۆز جايىدا جىم تۇراتتى
ئۇنى ھاياجانغا سالىدىغان ئارغامچا،
ئاپئاق، مۇستەھكەم، ھەقىقىي، گۈزەل!

مىنۇت ياپيېشىل ۋە قەتئىي ئىدىكى
ئاتمىش سېكۇنتتا توشاتتى، توختىمايتتى،
ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ ئىلاھىدەك غەزەپلىك ئىدى.

يۈرەكتىكى خۇدانىڭ ۋىرۇسى
ۋە ئۇنى ئېلىپ يۈرگۈچىنىڭ دۇئاسى.
بۇ بەتبەشىرىلىك ئاشۇ يەردە يەتمىش يىل تۇرۇپتۇ.

## Memory

Two hours of death relinquished. The smell.
A handsome man as if cut from cardboard
Smiled at me.

"During those unforgettable wars,
Handsome soldiers talked nonsense, unable to sleep,
Dreaming of djinns as small as their thumbs.

The color of blood. The smell of urine. The wounds.
The edge of the heat. The sting of the cold. The holes in the bodies.
The arms of death. An addiction to horror. I leaped through all of them.

I never saw Hezir.[1]
In order to know where I was in time,
I often fought to tear open my eyes and look around."

A rope excited him,
Bright white, firm, true, beautiful!
It always stayed where it had been – the vestiges of failure.

The minute was bright green and inevitable
Over in sixty seconds, without fail,
It was as furious as the God of a suicide.

God's virus in a soul
And its courier's prayer.
This monstrosity remained for seventy years.

---

[1] In Uyghur Islamic tradition Hezir is a prophet who will remain alive until the Day of Judgment. At times he appears to lucky Muslims helping them to receive blessings and wealth.

ئۈرۈشتىن ئامان قالغان ئەسكەرنىڭ مېڭىسىدەك.
پولغا ياتقۇزۇلغان تاختاينىڭ پۇرىقىدەك.
بىكارغا كەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ جەريانىدەك.

2015 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

Like the brain of a soldier who survived a war.
Like the smell of floorboards.
Like diligent work that went nowhere.

*April 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# گۈلساي قەبرىستانلىقى

نۇرنىڭ ئىگىزلىكى
ھازىنىڭ ئاۋازىدىن ھالقىغان چاغدا،
ئېرىدىن تاغ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كوچىدا
قولىدا ئاق لاتا تۇتقان ئادەم
ماڭا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

قوي كۆز ۋە ماڭقا بالىلارنى تۇغىدىغان قورۇدا،
پاراسەتسىز بوۋاي ئوييناپ زېرىككەن شاھمات
ئىككى پېشكىسى يىتكەندىن كېيىنلا قېرىپ كەتكەنىدى.

ئاشقازاندىكى بىرىتىۋا،
يۇرەككە سېلىنغان كۆۋرۈك،
باسقۇنچى ئاپتوموبىل،
پەيمانى توشقان سائەت،
قولدا توقۇلغان ماتا،
تەرەت ئالىدىغان پىلاستىك چۆگۈن
ۋە باشقا شەيئىلەر بىز بىلەن بىللە!

پولات تاۋۇتنىڭ جۇلاسى يەنە داۋاملىشار.
قويۇقلىشىدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئەخمەق قۇشلار
بۇ مەھەللىگە تۇن يېرىمدا ئۇچۇپ كېلىپ،
نەزىردە چېچىلغان گۈرۈچلەرنى تېرىپ يەيدۇ.

يۇتۇمنىڭ ئۇچى مۇزلاپ تۇرىدۇ،
ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ بېلى تالغاندەك:

## Gulsay Cemetery

When the high rays
Passed over the mourn,
On a street beyond which a distant mountain could be seen
A man with a white cloth in his hand
Brushed passed me.

In a housing area where sheep-eyed, snot-nosed children
  were born
Chess had been played by a foolish old man until he wearied of it
Just like the way its pieces had been taken away he had
  grown old.

A razor blade in the stomach,
A heart stent,
A raping car,
A watch facing death,
A handwoven cloth,
A plastic pitcher for ablutions,
Many things were here with us!

The splendor of the steel handle still remained.
Stupid birds in the deepening darkness,
Flying through this community in the middle of the night,
Pecking at the rice which was offered during sacrifices.

My toes are cold,
Like a pregnant woman with a backache;

مۈكەممەللىكنى قوغلىشىدىغان بۆلۈت
ئۈستۈمگە يەتتە كەتمەن سايە تاشلىماقچى.

مەن بەزى ئايەتلەرنى يادقا بىلىمەن،
لېكىن يات تىلدىن ھېچقانداق كېسىلىم بولغاچ،
دېلىغۇللۇق ئىلكىدە ئوڭايسىزلىنىپ سۈكۈتكە چۆمىمەن.

مېنى ئۆلۈكلەر ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟
مەن گۈلساي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ باقمىغىلى راستتىنلا ئۇزۇن
بولدى.

2015 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

A cloud which pursues perfection
Wants to throw seven shovelfuls of shadow over me. [1]

I know some verses by heart,
But, due to the fact that I fear foreign languages,
I hesitate, embarrassed and stay silent.

Did the corpses forget me?
It has really been a while since I visited the Gulsay Cemetery.

*April 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

---

[1] When Uyghurs bury someone, close relatives are the first to throw seven shovelfuls of soil over the body.

# ناركوز قىلىنىش

سەندە مەسىلە باركەن، داۋالايمىز، دېيىشتى
جىم تۇردۇم، خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك
ھاياتىمدا چاتاق بارلىقى يەنە بىر قېتىم دەلىللەنگەندى

ھەممىسى بۇ يەردە ئىدى
مىكروبلار، ۋىرۇسلار، باكتېرىيەلەر، مىكروپلازمىلار، پارازىتلار
ئاۋۋال پۈل تۆلىشەتتى
ئاندىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشاتتى
ئولتۇرۇشاتتى، قوپۇشاتتى
سەۋرسىزلىك بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇشاتتى
بىر يەرلىرىنى ئېچىپ كۆرستىشەتتى
مەسىلىسىنى قايغۇ بىلەن بايان قىلىشاتتى

نەتىجىنى كۈتۈشتىن باشقىسى مۇھىم ئەمەس ئىدى:
پىروبىركىدىكى سۈيدۈك ئاۋۇ قىزنىڭ جېنى ئىدى
ماۋۇ بوۋاي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ جەننەتنى مۆلچەرلەۋاتاتتى
بۇ كىچىك بالىنى ئاتا ـ ئانىسى ئىسكەنجىگە ئالغان
ئاۋۇ ئەر كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ
جېنى بىلەن تېنىنى سوقۇشتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى
مۇنۇ ئايال قولىدىكى قەغەزگە سەپسېلىپ قاراۋاتاتتى
خۇددى ئۇنىڭ كېسىلىنى تاپالايدىغاندەك

ماھىيىتى ئاشكارىلىنىۋاتقان ئەۋرىشكىلەرنىڭ
ئۇھ تارتىشى

## Being Anesthetized

You have a problem, we will treat you, they said
I stayed calm, like a lamb
It had been confirmed again that there was trouble in my life

All of them were there
Microbes, Viruses, Bacteria, Mycoplasma, Parasites
They paid in advance
Then walked around
They sat, they stood
Waited in the long lines patiently
They bared and exposed parts of their bodies
They told their problems excitedly

Nothing was more important than waiting for the results
A cup of urine was the life of a girl over there
An old man over here was moaning and gauging Heaven
That little kid was being held down by his parents
Sitting on a chair in the corridor over there
A man was amusing himself by smashing his life against his soul
A woman over there was looking carefully at a paper in her hand
As if she could locate her illness on it

The lamentations of samples
Exposing their nature

جەڭگىۋار ئۇسكۇنىلەر تارقاتقان سىگناللارنىڭ
يۇرەكنى تىترەتكۈچى ھېسسىياتى
شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بارماقلاردا يېزىلىۋاتقان
مەخپىي شىفىردەك رېتسېپلارنىڭ رەڭگى
دورىخانىدا سەپ تۈزۈپ تەييار تۇرغان دورىلارنىڭ
ئۈمىدۋار سۆيگۈسى
يەلكەمنى بېسىپ تۇراتتى

شۇ چاغدا، ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردى
دېمەك ناركوز قىلىناتتىم
سەن خاتىرجەم ئۇخلايسەن
بىز ھاياتىڭنىڭ ئۈچ سائىتىنى كېسىۋېتىمىز، دېيىشتى
ماقۇل دېدىم، قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىق بىلەن
لېكىن، ماڭا ئايان ئىدىكى
ئۇلار ھاياتىمدىكى چاتاق بار يەرلەرگە چېقىلمايتتى

2015 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

The heartbreaking sentiments of the beeps coming from vital
monitors
The color of prescriptions
Like secret codes which were being written by deformed fingers
The hopeful love of
Drugs mustered and ready to distribute in the pharmacy
Were pressing down on my shoulders

Just then, they called me
It meant I was going to be anesthetized
You are going to sleep calmly
We are going to cut away three hours of your life, they said
I said okay
As mild as a lamb
But, it was clear to me that
They would not touch any parts of my body which were a
problem

*April 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# قاتناش ۋەقەسى

ئالقاندىكى خىيالەتتەك
يوقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا
ئەرزان باھالىق قارا كۆزئەينەك تاقىغان شوپۇر
ئون نەچچە جاننى
ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن
بارار جايىغا ياكى قايتار جايىغا سۆرەپ ماڭغان

تۈنۈگۈن دىۋەڭ ئانىسىنىڭ كوتۇلدىشىنى
يەنە بىر قېتىم يۈيۈپ تازىلىغان قىز
يوشۇرۇنغان سايىنى
چىلان دەرىخىنىڭ تىكەنلىرى ئارىسىدىن
بارماقلىرىدا چىمدىپ ئالغان بوۋاي
ئۆزىنى توپىغا ئوخشىتىدىغان ئەر
سۈنىڭ ئاۋازىدىن قورقىدىغان ئايال
تۇغقانلىرىنى يوقلاپ ماڭغان ئوغرى
ئاسماندىن غايەت زور بىر تامچە يامغۇرنىڭ
چۈشكىنىنى ئويلاپ قالغان موماي
ناتونۇش بۇ يەردىن قەلبى لەرزىگە كەلگەن
ياۋا توڭگۇزدەك جېنى چىڭ ئۈچ ئىشلەمچى
تۈنۈگۈن كېچە
تالادا قالغان ئايغىنى جىن كىيىپ قويغان قېرى تامچى

تۈيۇقسىزلا
مىنىبۇس
ئۆزىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلىغا
چۈشىنىكسىز، لىرىك ۋە ئەجەللىك ئۇرۇلدى

## A Traffic Accident

Like an imagination inscribed in a palm
On the freeway
A driver wearing cheap black sunglasses
Dragged a dozen lives
With his two hands and feet
To their final destination

A girl who yesterday wiped away the nagging
By her absentminded mom again
An old man who pinched off
A hidden shadow
Among the thorns of a jujube tree
A man who thinks he's dirt
A woman who fears the sound of water
A thief who was going to visit his relatives
An old woman who thought
A gigantic drop of rain had fallen from the sky
Three migrant workers
As strong as wild pigs
Who were excited by the strangeness of this place
An old mason
Whose shoes were left outside last night and worn by a djinn

Suddenly
The minibus
Slammed into the truck in front of it
Incomprehensibly, lyrically and fatally

تاۋۇز يېگەندە چىققاندەك ئاۋاز
كۆزنى چاقنىتىۋېتىدىغان سىلكىنىش
پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس پارچىلىنىش
ئىسسىق بەدەن بىلەن تۆمۈرنىڭ ئارىلاشمىسى
قېقىلغىنىغا ھەيران - ھەس بولغان ئىچكى ئەزالار
مۇسكۇللارنىڭ ئىچىدە سېزىمسىز ئۈزۈلگەن تومۇرلار
ئاستا - ئاستا ئاشكارىلانغان نومۇسسىز قانلار
دەقىقە قېتىپ قالغان ئىنكاس
ئاخىردا ئېنىق بولغان بىر كىشىلىك ئۆلۈم

چارچىغان ياش ئوغرى قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى
ئەمدى ئۇنىڭ چۈشى ئۇ دۇنيادىكى ھاياتقا ئۇلىنىپ كەتتى
قورقۇنچ يوق
قىينىلىش يوق
قىيالماسلىق يوق

ئاپتوموبىل كوزۇپىغا بېسىلغان بىر توپ تۇتقۇن ئېشەك
بۇ ئاجايىپ ھالەتكە قارىغانچە ئۆتۈپ كەتتى
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەينەك شارچىدەك ۋاللىدايتتى

2015 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

Like the sound of eating watermelon
A shaking flash in the eyes
An unpredictable shattering
Warm bodies and iron mixing
Human organs shocked by the whacking
Blood vessels which were cut senseless inside the muscles
Shameless blood exposed itself slowly
A response which stopped momentarily
In the end the clear death of a person

The tired young thief was sleeping so deeply
Now his dream was linked to life in another world
No fear
No pain
No nostalgia

A group of captured donkeys loaded on the bed of a truck
Passed through this peculiar scene while staring
Their eyes shone like marbles

*April 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# مېنىڭ ماكانىم

بۇ — شەھەرنىڭ قىيپاش شەرقىدىكى
ئىسمى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئېسىگە يېپىشقان
ئۆيىقۇ كەلتۈرىدىغان بىر جاي

ئىمانىم كاملىكى
دۇنيادا بۇنداق يەرنىڭ بارلىقىنى بىلىقلار بىلمەيدۇ
بۇ يەر ھەم مۇڭگۈزلۈك شامالنىڭ ئۇۋىسى

مەن بۇ يەردە ھېچقانداق نەرسىگە تەھدىت سالمايمەن
مېنىڭ ئىسمىمغا دادامنىڭ ئىسمى قېتىلمىسا
بىر تال تاشچىلىكمۇ ئەتىۋارىم بولمايدۇ

بۇ — يىگىرمە ئالتە بىنا بار قورۇ، مېنىڭ ئۆيۈم مۇئەللەقتە
مەن، ئايالىم ۋە ئىككى قىزىم
تۆت تال شاردەك لەيلەپ تۇرىمىز

بۇ يەردە
قوشنا قىزنىڭ ئىتنىڭ قاۋىشىنى دورىغان ئاۋازىنى
خىيالغا چۆمگەن تاملار ھەرگىز ئاڭلىمايدۇ

بۇ يەردە
رەزىل تاماشىچىلاردەك سانسىز دەرېزىلەر
يالىڭاچلانغان سىرلار ئىچىدە تەمكىن قاراپ تۇرىدۇ

مەن كۈندە ئىچىشقا مەجبۇر ئۈچ قۇلۇپلۇق ئىشىك
مەن كۈندە يۇمۇشقا مەجبۇر بىر جۈپ قىزىل كۆز
مەن كۈندە تېرەمنى سېلىپ كىيىدىغان تۆت ئېغىز ئۆي

## My Habitat

This place – slightly to the east of the city
A name remembered by many
Lulling them to sleep

I swear
Fish don't know a place like this exists
The nest of the horned wind is also here

I don't threaten anything here
Yet if my name is not connected to my father's
I will be worth less than a stone

This neighborhood with twenty-six buildings, is where my house is lofted
I, my wife, and my two girls
Floating like four balloons

Here
The meditating walls will never hear
The way the neighbor girl mimics a dog's barking

Here
Like indecent viewers countless windows
Gaze steadily at the naked mysteries inside

A door with three locks which I have to open every day
A pair of red eyes which I have to close everyday
A four-room house where I put on and take off my skin every day

بۇ يەر مېنىڭ ماكانىم
مەن بۇ يەرگە بەند قىلىنغۇچى
مېنى كىمنىڭ بەند قىلغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان

2015 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

This is my habitat
I am a captive here
It is as clear as my five fingers who has captured me

*April 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## ئىستانبۇلنىڭ بىر پارچىسى

قىزىل ۋە ئاقلار، مېنى كېكەچ دەپ قالدى.
قۇچاقلىغۇم كەلدى. پۇراپ باقمىدىم.
مەجرۇھ سېپىلنىڭ تېنىدىن تىل ئۈنۈپ چىقىپتۇ،
دېڭىزغا سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ،
سەرسان دولقۇننى تېتىپ باقماقچىدەك.

ساھىل ۋە يوللار، مېنى گاس دەپ قالدى.
نېمانچە جىق سۇ، سانسىز پۇتلار دەسسەپ تۇرمىسا،
پولات ئاسمان بېسىپ تۇرمىسا،
دەرد - ھەسرەتلەر سۆيۈپ تۇرمىسا،
تېشىپ كېتىدىغان. يەنە بېشىمغا قونغان چايكا.

تۇغ ۋە بايراقلار، مېنى ئەما دەپ قالدى.
تاكسىم مەيدانىغا ياتقۇزۇلغان كىچىك كېسەك.
مېنى كۆرمەيدۇ دەپ چاقناپ سالغان ئەينەك.
ئىگىسىدىن قۇتۇلغان تەڭگە. بېشى بىلەن ماڭىدىغانلار.
مېنىڭ شۇنچە پەرۋا قىلغىنىم زادى يەتمىدى!

بازار ۋە كوچىلار، مېنى چولاق دەپ قالدى.
ئۈنى گۈزەل دېگەنلەر يىراقتا. قىستا - قىستاڭ.
بېشى قايغان قىزلار. شەيتان سودىگەرلەر. ئېگىز - پەس.
سوۋغىلارنى ئاغزىمغا سالدىم. قارلىغاچ كۆرمىدىم.
كوچىنىڭ بېشى يوق، مەن بىلەن كارى ھەم يوق.

مۇنار ۋە ھەيكەللەر، مېنى توكۇر دەپ قالدى.
سۇلتان ئەھمەت جامەسىنىڭ تاش بوسۇغىسى،

## A Piece of Istanbul

Reds and whites, they thought I was a stutterer.
I wanted to hug them. I didn't sniff them.
A language appeared through a disabled fortification,
It stretched all the way to the sea
And tried to taste the waves of exile.

The beaches and roads, they thought I was deaf.
So much water, if countless feet don't tread on it,
If the steel doesn't press down on it,
If the pain doesn't kiss it,
It will overflow. A seagull landed on my head again.

Banners and flags, they thought I was blind.
Small bricks paved Taksim Square.
The glasses flashed thinking I wouldn't see it.
A coin escaped from its owner. People walked on their heads.
My overeager attention was never enough!

Bazaars and streets, they thought I was handicapped.
People who said it was beautiful are far away. Cramped.
Confused girls. Cunning businessmen. Uneven.
I put the gifts up to my mouth. I didn't see a swallow.
The street had no beginning, it doesn't care about me either.

Towers and monuments, thought I was a cripple.
The stone threshold of Sultan Ehmet Mosque,

پۈتۈمغا مۈستەھكەم تەگدى. تۈتۈپ باقمىدىم.
ئەي گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرنى ساختىپەزلىكتە ئەيىبلەيدىغانلار،
مەن بارا ـ بارا قورۇنۇپ قالدىم. تەنھالىقىم يەتتى.

نانىنىڭ بىر پارچىسىدەك،
مۇزنىڭ بىر پارچىسىدەك،
تاشنىڭ بىر پارچىسىدەك،
مېنىڭ ھېس قىلغىنىم
ئىستانبۇلنىڭ بىرلا پارچىسى.

2015 ـ يىلى ماي، ئىستانبۇل

Firmly hit my feet. I didn't touch it with my hands.
Hey, you people who blame the thunderstorm for cheating,
Slowly I began to feel alienated. My loneliness reached its peak.

Like a piece of naan,
Like a piece of ice,
Like a piece of stone,
What I felt
Was merely a piece of Istanbul.

*May 2015, Istanbul*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# يۇمىلاق ئۆي

يەنە بىر تۆت مىنۇتۇم مۇشۇ ئۆيدە ئاياغلاشتى
تەقدىرىمنى بەلگىلىگۈچى قەغەز، سىياھ ۋە رەڭلەر
زىيادە ماختىۋېتىلگەن سۆيگۈ كەبى
تۆۋەن مۆلچەرلەنگەن نەپرەت كەبى
ئىشكنى چىڭ تاقىغان

ئەي خىيالىمدىن كەتمەيدىغان چىرايلىق مەلئۇنلار
قانداق بىر يۇمىلاق ئۆيگە باشلاپ قويدۇڭلار مېنى

دېرىزە پەردىسىنىڭ جاراڭلىق قاتلاقلىرى
دۈشمەنلىكتىن ئەسەر يوق يورۇقنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىدۇ
كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى
ئوخشاشلا يۇمىلاق تۈگلۈككە ئاران پاتىدۇ
تىرناق سىياقىدىكى تام
ساڭا جېنىم قۇربان بولسۇن، دەيدۇ
ھەسرەتنىڭ مېغىزىنى چاققۇچى مەن بىر سۇس ئاشىق
ئەزرائىل يوق بۇ يۇمىلاق ئۆيدە
ئەڭ يامان نىيەتنى چۆرگۈلەپ ئايلىنىمەن

سۈكۈتكە چۆمگەن دادا كەبى مەن
ھاياتىمنىڭ ساختىلىقتىن باشقا قىسمىنى
يەنى
جان يېرىمنى
مۇشۇ ئۆيدە
ئۆلگۈچە يوشۇرۇپ ئۆتىمەن

2015 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

## A Circular House

Another four of my minutes have been spent in this house
Paper, ink and colors determine my fate
Like an exaggerated love
Like an underrated hatred
Firmly closing the door

Hey you unforgettably beautiful bastards
What sort of circular house have you led me into?

The creases of the window curtains howled
Pushing the light from its chest without any malice
My eyeballs
Also hardly fit in the circular skylight
Fingernail-shaped wall
Says I will die for you
I'm a faded lover who enjoys pain
In this circular house without Ezrail[1]
I pace around the worst intentions

I am like a silenced father
Leaving aside the falseness of everything else
I will hide
Only my manhood
In this house

*May 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

---

[1] The Islamic name for the Angel of Death.

## قىرىق بەش ياش

خاسىيەتلىك بۇلاق تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەندەك
قاقاس دەريا ئۆز قىنىدا ئۆلۈۋاتاتتى
مەن سېغىزنى غاجاپ يېگەچ كېتىۋاتىمەن
قۇياشقا تۇتاشقان توپىلىق يول
تاقىر ئورمان يېنىدىن ئۆتەتتى
بىر دەرەخنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر دەرەخ
يىلتىزى بىلەن يەرنى كولىغاچ دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى:
مېنىڭ قولۇم ئەمەس، چىدىغۇچىنىڭ قولى!
مېنىڭ قولۇم ئەمەس، داۋاملاشقۇچىنىڭ قولى!

2015 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

## 45 Years Old

The miraculous fountain has gone to the back of the mountain
The deserted river was dying in its own bed
I was walking while chewing gum
A road that leads to the sun
Passed by barren trees
One tree behind another
Chanting a prayer while digging through the soil with its roots
Not by my hand, but by the hand of the one who endures it!
Not by my hand, but by the hand of the one who perseveres!

*May 2015, Ürümchi*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

# تۇرپان

بۇگۈنكە تەۋە ئەڭ قىيىن مەزگىل ئۆتۈپ كەتتى
ھاۋا سەل - پەل سوۋۇغانىدى
ئاق تېرەكنىڭ شېخى قۇياشقا سانجىلىپ
دەستە - دەستە قۇياش نۇرى قەلبىمنى يورۇتاي دېگەندە
مەن كونا بېك ماشىنامنى ھەيدەپ يولدا ئىدىم
چىشلىق چاقتەك تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە
ئۈزۈمنى ئەمدىلا بەختلىك ھېس قىلاي دېگەندە
ئالدىمدا موتو مىنىپ كېتىۋاتقان سىڭايان ئادەم
مېنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇڭغا ئەمەس سولغا بۇرالدى
ئۇ، ئاسمانغا چىقىدىغان تۆمۈر شوتا ياسايدىغان
سۇۋاركىچى بولۇشى مۇمكىن
ئۇ، چايان چاققانلارنى تۈكۈرۈپ داۋالايدىغان
تېۋىپ بولۇشى مۇمكىن
ئۇ، خاسىيەتلىك ئۈزۈم ئۈستۈرۈپ ساتماي ئۆزى يەيدىغان
دېھقان بولۇشى مۇمكىن
ئۇ، سۆڭەكنى ئېرىتىۋېتىدىغان تومۇز ئىسسىقتا بېشى قېيىپ خاتا ماڭغان
مەمۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن
شۇ چاغدا ئويلىدىمكى، بەلكىم
180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىشكتە
بىر ئايال ماڭا تەلمۈرۈپ قاراۋاتىدۇ
180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا
بىر ئايال يىغلاپ تۇرۇپ مېنى قارغاۋاتىدۇ
180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەسھابۇلكەفتە
بىر ئايال مەن ئۈچۈن جىنچىراغ يېقىپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ

## Turpan

The most unbearable period of the day had passed
The weather became slightly cooler
When the branches of a poplar tree pricked the sun
Tore it apart reddening it
Just before rays upon rays of sunshine lit my heart
I was on the road driving my old Buick
When I came to the heart-trembling cog-like intersection
I was about to sense my fate
When a crooked man on a motorcycle in front of me
Surprised me by turning left instead of right
He might have been welder
building an iron ladder to the sky
He might have been the local healer
who treats those bitten by scorpions by spitting on them
He might have been a farmer
who grows auspicious grapes which he eats without selling
He might have been a civil servant
who dizzily lost his way in the bone-melting heat of the summer
At that moment I thought, perhaps
A woman is looking for me expectantly from a window
180 kilometers away
A woman is cursing me while crying under a tree
180 kilometers away
A woman is praying for me in Es'habul cave[1]
180 kilometers away

---

[1]Es'habul Cave is an important Islamic shrine in an area of Turpan called Tuyuq.

180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يولدا
بىر ئايال مەندىن تېز سۈرئەتتە يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ
مەن ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان توت كوچا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەتتىم
مەن بەختنى ھېس قىلىشقا ئاز قالغان ئاشۇ پەيتتە
پارچە - پارچە قۇياش قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى

2015 - يىلى ئىيۇن، تۇرپان

A woman is quickly moving farther and farther away from
me on a road
180 kilometers away
I passed that stirring intersection and
At that moment when I almost sensed my fate
Parts of the sun slipped into the darkness

*June 2015, Turpan*

*Translated by Darren Byler and Dilmurat Mutellip*

## ئۆتمۈش

بۈنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى ئاشۇ
تۆگىنىڭ قۇيرۇقىدەك كەمتۈك يىللاردا
چۆلدىكى ئالۋۇندەك خىرە ئايلاردا
بىر - بىرىگە تۈتىشىپ كەتكەن پەرقسىز كۈنلەردە
ھەممە ئادەم بۇ دۇنياغا بېشىدىن تارتىپ كىرگۈزۈلەتتى
جىگدىنىڭ ئالتۇن چېچىكى بىلەن
قۇمنىڭ مىس دانچىلىرى كۆڭۈل ئايىنغۇدەك خۇش پۇرايتتى
جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان كۆرۈمسىز ئادەملەر
قىشنى باھارغا سولىۋېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن ھاقارەتلەيتتى
ئۆملەپ ماڭىدىغان سۇ شۇ چاغدا بايقالغان
ھەممىلا ئادەمنىڭ سول قاپىقى ئەتىگەندىلا تارتاتتى
بىر - بىرىگە: ساڭا خۇدانىڭ ئىچى ئاغرىسۇن، دېيىشەتتى
مېۋە ئوغرىسى، كىتاب ئوغرىسى ۋە خوتۇن ئوغرىسى ئوغرى
ھېسابلانمايتتى
دۇنيا ھېچكىمگە ھېچنېمىنى ۋەدە قىلمايتتى
ئەزرائىل قېرىلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى
ئەرلەر ئاياللارنىڭ پۇتىغا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىغا قارايتتى
خۇدا كېچىچە ئۇخلىماي
چىرايى ئوخشايدىغان ئەر - ئاياللارنى بىر - بىرىگە جۈپلەيتتى
ئەر - ئاياللار توي قىلغاچقىلا باللار تۇغۇلاتتى
بىز قاچان چوڭ بولىمىز، دەپ سورىسا باللار
ئاپتاپ چىققان پەيشەنبە كۈنى، دەيتتى ئانىلار
بىز قاچان بەختلىك بولىمىز، دەپ سورىسا ياشلار
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە، دەيتتى چوڭلار
پەيشەنبە كۈنى ئاپتاپ چىقمايتتى، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتمەيتتى
ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە بىردىن كونا ئوچاق بار ئىدى

## The Past

A long while ago now
in those chipped years like a camel's tail
in those dim months like a desert mirage
in those unchanging days blurring into each other
everyone was brought head first into this world
The golden oleaster flowers and the
copper grains of sand smelled like an upset stomach
Ugly people with no concern for their own souls
would lock winter in spring and insult it left and right
It was then that crawling water was discovered
Everyone's left eyelid would quiver in the morning
and they'd tell each other, may God take pity on you
One who stole fruit or wives was not a thief
The world made no promises to anyone
The angel of death didn't neglect a single elder
Men looked to women's feet, women to men's hands
God stayed up nights pairing off men and women who
  looked like each other
Children were born merely because men and women got
  married
When children asked, When will we be grown up
Their mothers said, When the sun shines on a Thursday
When youths asked, When will we be happy
Their elders said, When a camel tail touches the earth
The sun never shone on a Thursday, a camel tail never
  touched the earth
In each person's home was an old stove

ھېچكىممۇ ئۇتىنى ئۈچۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان
ھەممە ئادەمنىڭ ھويلىسىدا بىردىن قاراڭغۇ قۇدۇق بار ئىدى
ھېچكىممۇ ئاغزىنى ئېچىشقا پېتىنالمايدىغان
ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە بىردىن غەلىتە ئۈمىد بار ئىدى
ھېچكىممۇ ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان

ئۇ ئاشۇنداق بىر چاغ ئىدى
ھازىرمۇ پات ـ پات داۋاملىشىۋاتقان

2015 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

with a flame no one dared to extinguish
In each person's courtyard was a dark well
no one had the courage to uncover
In each person's heart was a strange hope
no one was willing to speak aloud

It was a time like that
And it often resumes even now

*June 2015, Ürümchi*

*Translated by Joshua L. Freeman*

# باشقىلار

# ئىلاھىي مۇراسىم

بويسۇندۇرۇلغان بىر پارچە نۇر ئېرىمەكتە
چىرايلار كەينىمدىن ئايان بولىدۇ
شاللاق شامال قۇچاق ئاچىدۇ
قۇياش نۇرىنى يۆگەپ كېتىدۇ
تىلىم گۇگۇمنى يالاپ تېشىدۇ
يول چىرىغى ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە
ئۆمۈچۈك تورى كۆككە يېپىلغان
مەن چاقماق بىلەن قول ئېلىشىمەن
پىيادىلەر يولىدا ماڭىمەن
قاراڭغۇلۇقتىن قاراڭغۇلۇققا
ئاغزىمدا بىر تال قۇش پېيى چىشلەكلىك
دەرەخلەرگە ئېسىلغان ئەمچەكلەر كۈلۈمسىرەيدۇ
پۈتۈم
ئەسىرنى تىترىتەر
ئۆزۈمنى تىترىتەر
شەھەرنى تىترىتەر
باش سۆڭىكىم ئىپتىدائىي شەكلىنى يوقىتىدۇ
كىيىملىرىم ئېچىنىشلىق ئاۋاز چىقىرىدۇ
بۇ
تومۇز
ئەركىنلىك
ياكى ئۈنتۈش؟
نۇرغۇن پارچە لاتىلار يەر ئۈستىدە
چاقنايدۇ
سۇرۇلىدۇ
نەپەس ئالىدۇ
نۇرغۇن خۇنۇك سىزىقلار يەر ئۈستىدە

ئۆسىدۇ
يىغىلىدۇ
سۇكۇتكە چۆمىدۇ
مەن بىر ئىستاكان سۇدىن ماغزاپ تىلەيمەن
مەن بىر دۆۋە ئەخلەتتىن هال رەڭ تىلەيمەن
كوچا تىنچىق
هەربىر يول مەڭگۈلۈك ناتونۇش
بىر قېتىملىق ئاستا قېزىش
بىر مەيدان ئايلانما ئويۇن
كېچە ئۇنى شەهەر قۇسقان سىيمانى يۇتۇپ تاشلايدۇ
خۇددى بىر تامچە سۇزۇك سۇ يىلان يۇرىكىنى يۇتقاندەك
ئېچىلماس تۆمۈر پەنجىرىلەر كۆز ئالدىمدا كۆپىدۇ
قاپقارا ئەينەكلەر هاسىراشنى، دۇئانى ئاڭلايدۇ
هەرپلەر ئۆلۈپ كەتكۈسى
رەسىملەر پاك - پاكىز پارچىلانغۇسى
مېڭەمگە لىق تولغان چىرقىراش ۋە ئېسەدەش
يەنە بىر قېتىم هەيۋەت بىلەن يەرگە چۈشىدۇ
قولۇم تەرلەيدۇ
بۇ بىر خىل قۇتۇلۇش
بىر خىل سۈرگۈن
جەسەتلەرنىڭ پۇرىقى كېچە ئاسمىنىنى كېزىدۇ
ئۆمۈچۈك تورى ئۇنىڭ ئاستىدا لەيلەيدۇ
ئۇ — بىر پارچە ئاق رەڭ
چۈمبەلگە ئوخشاش
ئەسلىمىگە ئوخشاش
سۆيگۈگە ئوخشاش
ئەتراپقا قارايمەن
ئاجىز تېنىمنى قۇچاقلىغۇم كېلىدۇ
بىر پارچە قەغەز يۇزۇمدە يېپىلىدۇ
تۇيۇقسىزلا بىر تال قوۋۇرغامنىڭ كەملىكىنى هېس قىلىمەن

مېنىڭچە
مەن نۇرغۇن قېتىم ئىلاھىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك:
قۇشلار توپلىشىدىغان جايغا ۋەسىيتىمنى كۆمۈشۈم
مەۋھۇملۇق ۋە چۈش ئىچىدە چاقماق تاشنى ياندۇرۇشۇم
يوقلۇقنى تويغا ئايلاندۇرۇشۇم
تىلنى يەرگە ياتقۇزۇشۇم
قاراڭغۇلۇقنى يارام ئېغىزىغا تىقىشىم
ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇشۇم كېرەك
مانا بۇ
چاقماق
تەقدىر
بەرباتلىق
مەن تەرەپ تۇيغۇمنى يوقىتىمەن
چاقماق بىلەن قول ئېلىشىمەن
كۆرۈش سەزگۈم توختاپ قالغاندەك
تاشلىنىش ئىچىدە داۋاملىق تۇرىمەن
دەرەخلەر كوچىدىن يوقىلىدۇ
مەن يەڭگىللىككە يېقىنلىشىمەن
كۈچ سىڭىشىشنى ئىنكار قىلىمەن
كېچىنىڭ ئۇنى پانىي ئالەمدىكى ئەبگار كىشىلەر توپىدىن ھالقىپ
كېتىدۇ

1993 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ندا

ئەي دۇنيانى قۇشنىڭ كۆزىدە كۆزەتكۈچى
بىزنىڭ سۆيۈشۈشىمىزگە سەپسېلىپ قارا
ئەي قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا نەسىھەت قىلغۇچى
بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ھېچ گۇمان قىلما
ئەي ئاياغلاشماس جېدەلگە گۇۋاھ بولغۇچى
بىزنىڭ تىترەۋاتقان قوللىرىمىزنى ھېس قىل
ئەي تەلۋە چىرايلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچى
بىزنىڭ يۈزىمىزگە پولات نىقابلارنى تارت
ئەي بايرام كۈنلىرىدە غەزەپلىك نەرە تارتقۇچى
ھېچكىم چۈشەنمەس كۈيلىرىمىزگە قۇلاق سال
ئەي يىراق قەدىمدىن مېڭىپ كەلگەن دەۋالاشقۇچى
تۇپراقنى كاپ ئېتىپ يەيدىغان بالىلىرىمىزنى كۆر
ئەي غايىبلار دۇنياسى ھەققىدە ھېكايە سۆزلىگۈچى
مۇزنىڭ سۇنغان ئاۋازىدەك يۈرەك سوقۇشىمىزنى ئاڭلا
ئەي ئىسسىق جانلاردىن تېپىشماق تۈزگۈچى
بىزگە ئاتاپ قەسىدە يېزىشنى داۋام ئەت
ئەي ئەتىرگۈلنى قىپقىزىل زەھەردە سۇغارغۇچى
كۆزىمىزگە سىڭىپ كەتكەن دېڭىزلارنى تاپ
ئەي ئەندىشىگە مەھكۇم بولغان يول توسقۇچى
ئۆچۈشكە باشلىغان ئىزلىرىمىزنى بۇزما
ئەي پورتىرتلارنى سېمونت تاملارغا چاپلىغۇچى
قىيامەتكە ئاشىق ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەن
ئەي بىزگە گۈزەل بىر زاۋالنى نىيەت قىلغۇچى
جاھىل كۆچەتلىرىمىزنىڭ زەر بىخلىرىدىن قورق

ئەي ئۆز خام خىياللىرىدا تېنەپ يۈرگۈچى
تەسەۋۋۇرىمىزغا بۆلىنىپ قانغۇدەك ئۇخلا

2015 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# پارىژدا ئىزىپ قېلىش

ناتونۇش كوچىدىكى ئاسمانغا قارايدىغان تاش
دەرۋازىدەك ئىسىملار ئويۇلۇپ مىدىرلىماي تۇرغان مېنىڭ
ئەتراپىمدا قايىنامدەك چۆرگۈلەۋاتقان شەھەر سوغۇق
تەرگە چۆمدۈردى يامغۇر ئارىلاش بېشىمنى قايدۇرۇپ
مەن ئۇنى رەسمىي تونۇپ بولغۇچە ئىزىپ
قالغاندەك قىلدىم - دە راستتىنلا ئىزىپ قالغانلىقىمنى
بىلدىم

سېنا دەرياسىدىكى دۇغ سۇغا قولىنى قورقمايلا
تىقسا تەقدىرى قولىغا چىقىپ قالغان شەخسىيەتسىز
ئېففېل مۇنارىنى بەلگە قىلغانىنىڭ كېچىدە ئەھمىيىتى
يوق ئىدىكى سېسىق پۇرايدىغان كونا مېترونىڭ
ئىشكىدىكى تۆمۈر تۇتقۇچنىڭ ۋاقىتتەك ئۇپراۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم

چىگىش يىپتەك قاتناش خەرىتىسى قېرى سەرگەردانىنىڭ
قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىدەك مۇجمەل تۇيۇلغاندا 38 ياشلىق
ناتونۇش تۈرك سوۋغا قىلغان تەۋەررۈك تەسۋىمۇ دال
بولالماي ئىشتان يانچۇقۇمدا ئاستا سىقىملىنىۋاتقىنىنى
ئاڭلىدىم

مەن ئۇچراتقان ئىككى مەست دۇكاندار ئەرەب لاتىن
ئامېرىكىلىق تاكسىچى ياش پىسسا توشۇغۇچى ئىت
يېتىلىۋالغۇچى ھەممىسىنىڭ مەن بىلەن تەڭ ئازمىغانلىقىنى
سەزدىم

ھەمدە يېڭى مەنزىلدىن ۋە تارىخ رومانتىكا ئەتىر سەنئەت
نازىنىن خام خىيال قاتارلىقلاردىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى
چۈشەندىم

پارىژ ماڭا پىچىرلىدى ئەي شور پېشانە
قانداق كەلگەن بولساڭ شۇنداق كەت

2015 ـ يىلى 5 ـ ماي، پارىژ

## دېڭىز بويىدىكى سەرگەردان

بەدىنىنى قوڭغۇر تۈك باسقان
غايەت زور قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى
گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان
ساھىل يولىنىڭ يېنىدىكى سېمىز قورام تاشلار ئارىسىدا
سىلكىنىپ تۇرۇپ ئۇخلايمەن
ۋە
چۈشۈمدە
ئاشۇ ماشىنىلارنى ھەيدەپ
چۈشۈمدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان
ئاپئاق ھىيلىگەر مايمۇنلارنى كۆرىمەن

مەن يىراقتىن ئېقىپ كەلگەن
ئاچ قالغان بىر مۈكەممەلچى ئەۋلىيا
ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇپ
ئىچىمدىكى بېلىقنىڭ مېڭە سۆڭەكلىرىنى شاراقلاتقانچە
كەم - كوتىسىز كارامەتلەرنى كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ

2015 - يىلى 8 - ماي، ئىستانبۇل

# خەلق مەيدانى

تىك تۇرۇپ ئۇخلايدىغان دۇلدۇلدەك خەتەرلىك مەن
ئۆزۈمنى دائىم خەلق مەيدانىدا كۆرىمەن
مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايراق خادىسى
ھەر كۈنى بىر غېرىچتىن ئېگىزلەيدۇ

تېنىمدىكى مېتال تەركىبلەر
شۇبھىلىك نەزەردە بىزنى ئۆزاقتىن بۇيان كۆزىتىپ تۇرغان
پەيغەمبەرلەردەك
ئېغىرلىق پەيدا قىلىدۇ

شامال ئولىشۇالغان بۇ راست مەيداندا
ئېھتىيات بىلەن
ناتونۇش كىشىلەر بىر - بىرىگە قاراشقا
ئەمما كۆرمەسلىككە تىرىشىدۇ
تونۇش كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن سالامىلىشىشقا
ئەمما پاراڭلاشماسلىققا تىرىشىدۇ

تۇيۇقسىزلا بىرمۇنچە ئادەم ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن
يەرنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى
پۇقراچە كىينگەن بىر دوختۇر قەغەزنى قاتلاپ ئايروپىلان ياساپ
ئۇچۇرماقچى بولۇپ
مېنى كۆرۈپ يالتىيىپ قالىدۇ

ئەي رېئالىزمچى يۈزلەر
ئەي رومانتىزمچى كۆزلەر
ئەي ناتۇرالىزمچى ھېلىقى يەرلەر

مېنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىمگە يانتاياق بولغان خىجىللىقىم
كۆمۈلۈپ قالغان قىزىقىشلىرىم
كېتىش ياكى تۇرۇشقا باغلانغان تەشۋىشلىرىم
ھەممىسى مۇشۇ خەلق مەيدانىغا جەم بولغاندا
بىر تال چېچىم قولۇمغا چۈشىدۇ

مۇناردىكى قاپارتما ھەيكەللەر!
سومكىسىغا ئاق ياغلىق سېلىۋالغان ئوقۇغۇچى قىزلار!
جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئايالنىڭ ساڭگىلىغان ئېڭىكى!
ئەجەبا، ئاجراپ كەتكەن ئېڭەكنى مەن تاڭامدىمەن؟
يۇقراچە كىيىنگەن دوختۇرنىڭ كەتكىنىنى
چاۋاك چالغاچ يۈگۈرۈۋاتقان ھالىتىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟
مەن كۆردۈم ۋە چارلىغۇچى ئەسكەرلەرمۇ كۆردى
سىلەر نېمىشقا كۆرمەيسىلەر؟
سىلەر ئۇنىڭ بېشىغا قاراڭلار
بۇنداق مەيداندىن كېتىشكە
ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم ئۈچۈن ئاياغ بىلەن باشنىڭ پەرقى يوق

بىر چاغلاردا
بۇ مەيداننىڭ بۇرجىكىدىكى دەرەخلىكتە
ئۆلۈپ كېتىدىغان بىر ئايال بىلەن ئۇزۇن سۆيۈشكەنىدىم
مانا ئەمدى
مەيداننىڭ چېتىدىكى كونا تەختتە ئولتۇردۇم
ۋە شۇنداق خىيال ئاغزىمدىن چىقتى:

بۇ خەلق مەيداندا
بۇ مۇقەددەس جايدا
كۆن تىكلەشكەن بۇ پەيتتە
كۆلەڭگەڭگە قايت، ئەي، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە پادىشاھ!

ھەممە يەردە خەلق مەيدانى بار
لېكىن ھەممىلا يەردە تىك تۇرۇپ ئۇخلايدىغان دۇلدۇل يوق

2015 - يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## سۈكۈت

كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان ئاشۇ دۈمبىسى يوق ئادەم
ھېچكىمگە دېمەيلا قەشقەردىكى ئۆيىگە ئۈچۈپ كېتىپتۇ
لېكىن ئۇنىڭ ھاراراتى يەردىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۈزۈپ قاپتۇ
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەيمىش:
يەيدىغان چېچىلاڭغۇ رىزقىمنى
ياشايدىغان بىر پارچە جايىمنى
تارتىدىغان ئاچچىق دەردىمنى
ئىسسىنىدىغان كىچىككىنە قۇياشىمنى
ئۆتكۈزىدىغان مەززىسىز كۈنۈمنى
ھېس قىلىدىغان پارچە - پۇرات بەختىمنى
ئۆلۈپ كېتىدىغان تەرسا جېنىمنى
ئۆز قولۇم بىلەن ياسىدىم ۋە ياسايمەن
گۈزەل بىر بالىياتقۇدا مېنىڭ بالىلىرىم ياتىدۇ
تىلىمنىڭ ئۇچىدىكى قىرتاق تەمدەك بىر ئايال
ماڭا كەينىنى قىلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەئرافىنىڭ شاپتۇلىنى يەيدۇ
كۈنگەي دېرىزىنىڭ قىرىدىكى قىلتىرىق نۇر
توختىلىغان پۈتۈمغا ئاستا - ئاستا سانجىلىدۇ
شۇنچە كۆپ ئادەم
پىچىرلاپ تۇرۇپ دىيالوگ يادلاۋاتقاندا
شۇنچە كۆپ دەرەخ
تەرەپ - تەرەپكە شاخ سوزۇپ پارچىلىنىۋاتقاندا
مەن ھېچكىمنىڭ غېمىنى يېمەيمەن
كۆزۈمنى ئەندىشىلىك يۇمۇپ تۇرۇپ
سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقان شۇم ئېغىزلارنى
ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان قۇرغاق كۆزلەرنى

ئىككىلىنىۋاتقان مايماق قەدەملەرنى
سۆكۆتكە چۆمگەن يوق دۆمبىلەرنى كۆرىمەن

2015- يىلى ئۆكتەبىر، قەشقەر

# ئايالлار تۇرمىسى

كۆزنىڭ رەڭگى ئېلىشمان ئىدى
بۇ رەڭلەر يولدا كېتىۋاتقان بىزنىڭ كىيىملىرىمىزگە يۇقاتتى
يول بويىدىكى سېغىز ئېرىقتا
خۇدانىڭ سوغۇق سۈيى ئېقىۋاتاتتى
تۆشۈك غازاڭلار سۇ يۈزىدە قېيىپ قالغانىدى
ئاددىي بىر چوڭ قورۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتتى
قورۇ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى قىزىل چىراغ شەيتاندەك نۇر چاچاتتى
بۇ ئايالлар تۇرمىسى، دەپ قولى بىلەن كۆرسەتتى
يېنىمدىكى قاسىمجان
مېنى لىق ئايالлар بار كامېرغا سولاپ قويسا ياق دېمەيتتىم،
دەپ ھىجايدى ئۇنىڭ دوستى روزاخۇن
زېمىننىڭ تېنى پارچە - پۇرات ئىدى
يوللار ئۇلارنى بىر - بىرىگە چاتاتتى
تاغ تەرەپتىن
سوغۇق ھاۋا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى
مېنى تۇيۇقسىز تىترەك باستى

2015 - يىلى نويابىر، قەشقەر

# تەكرار چۈش

بىر چۈشنى تەكرار كۆردۈم
كىملەر ئۇ
قورشالغان هالدا
تامغا ئالدىنى قىلىپ يەرگە قاراپ تۇرغان
سىلىغۇچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى
ھەممە تەرەپتىن سۆزلىمەكتە ئۇلارغا :
ئاياللار يىغلاپ ئۆيدە قالسۇن، ئەرلەر ئاپىرىپ دەپنە قىلسۇن!

تەكرار بىر چۈشنى كۆردۈم

ئەرشتىكى كۇرستا ئولتۇرۇپ
تەقدىرىمىزنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن ۋاراقلاۋاتقاندا
مەندىنمۇ ئىجتىھاتلىق بىرى
كەينىمدىلا ئۆرە تۇرۇپ قاراۋاتىدۇ

سىلەر مەندىن سورايسىلەر :
ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىدىن سوراپ باقتىڭمۇ
ئۇ بىزنى زادى قانداق قىلىدىكەن؟!

كۆرگىنىم تەكرار بىر چۈش ئىدى

بىزنىڭ تېرىلىرىمىز ئۆزئارا تېگىشكەندە
بىزنىڭ لەھەتلىرىمىز كېسەكلەردە ئېتىلگەندە
بىزنىڭ بارماقلىرىمىز ۋاراقلارغا سۈركەلگەندە
سىلانغۇچىدىن سىلىغۇچى

ئايالغۇچىدىن ئايىغۇچى
سۆيۈلگۈچىدىن سۆيگۈچى
بەكرەك ھۇزۇرلىنىدۇ

مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان جاۋابىم شۇ:
مەن بىر چۈشنى نۇرغۇن قېتىم تەكرار كۆردۈم

2015 ـ يىلى نويابىر، قەشقەر

## تىل ئويۇنى

سىلەر ھەممىڭلار بىرلىشىپ
تاكى قىيامەتكىچە
بىر تىل ئويۇنى ئويناۋىسىلەر
ھەم بۇ ئويۇنغا مېنى قېتىۋالىسىلەر
ئاندىن يەتمىش ئىككى پىرقىنىڭ ھەمكارلىشىپ مۇنار سالغانلىقىنى
شېپى كەلتۈرۈپ
بۇ ئويۇنىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايسىلەر
ھەرقانداق ئويۇنىنىڭ قائىدىسى بولىدۇ دەپ
گىراماتىكا كىتابلىرى بىلەن لۇغەتلەرنى كۆز - كۆز قىلىسىلەر
دۇنيا دېگەن تىل، دەيسىلەر
جەۋھەر دېگەن تىل، دەيسىلەر
ئەھمىيەت دېگەن تىل، دەيسىلەر
ئويۇنىنىڭ ئەڭ قىزىپ كەتكەن يېرى شۇكى
سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىن مۇنداق گۈزەل سۆزلەر چىقىدۇ:
سەن بىز بىلەن بىللە مۇنار سېلىۋاتىسەن
بىز سېنى سۆيىمىز
سەن ئۈنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمە

2015 - يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# دۇئا

ھەر قېتىم
ئىككى ئالقىنىم يۈزۈمگە يېقىن كەلگەندە،
بىر جۈپ كۆزۈمنىڭ نۇرى
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈكۈتكە ئايلىنىدۇ.
شۇنداق، مەن بىر ئۆز ئىشىغا پۈختا گۇناھكار،
غەزەپلىرىنى ئاۋاز چىقارمايلا يۇتالايدىغان.
ئالقانلىرىمنىڭ هارارىتى بىلەن تىنىقىمنىڭ شاملى
يار ـ يۆلەكسىز ۋە مۇرەسسەسىز قوشۇلغاندا
لەۋلىرىم قالايمىقان ۋە چۈشىنىكسىز مىدىرلايدۇ.
شۈكۈر ـ قانائەت، ھەمدۇسانا ۋە تىلەك تىلەش ئارىسىدا
نومۇسسىزلارچە ئىككىلەنگەندە،
يىغىنە تۆشۈكىدىن تۆگە ئۆتكەنلىكى ئېسىمگە كېلىدۇ.
مەن سۆيگۈنى كۈچەپ خىيال قىلىپ
ئۇنىڭ ئېلىپىس شەكىللىك دائىرە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمەن.
كائىناتنىڭ ھەممە يەرگە لىق تولغان تەكشى ئاۋازى
مېنى ساراسىمىگە سالماقچى بولغاندا
ئالقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى سىپايمەن.
بۇ ھەرىكەت بەلكىم قوپال ۋە ئىتتىك،
چۈنكى مەن ئالدىرايدىغان بىر ئىش بار:
«دادا!» دەپ چىن دىلىمدىن چاقىرغىلى
ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغىلى
بىر قېرى قاغا تېپىشىم كېرەك!

2015 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئىككى ئايال

1

شامالدىن ياسالغان دېرىزەمدىن ئۈستىگە قاراپ
يەنە يېقىنلاپ قالغان قاپقارا جۇلالىق ئاسماندا
پۈتۈن بىر كېچە
مۇشۇكياپىلاقنىڭ نۇرلۇق تىرناقلىرى بىلەن ئاسماننى
ھاياجان ئىلكىدە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ تېشىپ
ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم
ئالدىمدا
سۈنىڭ تامچىلىغان ئاۋازى يۈرەكنى ئېزەتتى
ئاندىن ناشتا قىلىپلا ئۇخلىدىم
بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى گۈگۈم پەيتىدە
توك ئۈشكىنىڭ تامنى تەشكەن ئاۋازىدىن ئويغاندىم
زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تىڭشاۋاتسام
ئۈستى تەرەپتىكى ئايال مۇنداق دېدى:
ئەي بېشى قايغان بىكارچى
دىققىتىڭنى چاچما
ئاشۇ شاماللىق كېچە
سەن مېنىڭ زەخىملەنگەن چۈشلىرىمنى كۆرەلمىدىڭ
مەن بىر گۈزەل ئايال
بىر ئۆمۈر كۆزلەرگە يەم بولىمەن
بىر ئۆمۈر ئاستى تەرەپتىن كۆزىتىلىمەن
بىر ئۆمۈر ھەيران قالىمەن
لېكىن
تېشىم بىلەن ئىچىم ئوخشاش
تېشىلىۋاتقىنى مېنىڭ قىممەتلىك تېنىم
تامچىلاۋاتقىنى مېنىڭ بىردىنبىر سۆيۈم

2

تۇماندىن ياسالغان دېرىزەمدىن پەسكە قاراپ
شەھەرنىڭ مىدىرلىماي قاتتىق تۇرغان چوڭ كوچىسىدا
پۈتۈن بىر كۈندۈز
كولاش ماشىنىسىنىڭ ئاسفالت يولنى ھەۋەس بىلەن
ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ كولىغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم
ئارقامدا
سۇنىڭ تامچىلىغان ئاۋازى يۈرەكنى مۇجۇيتتى
ئاندىن ئاچ قورساقلا ئۇخلاپ قالدىم
بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى تاڭ سەھەردە
تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ دەرەخ قوۋزىقىنى كولىغان ئاۋازىدىن ئويغاندىم
زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تىڭشاۋاتسام
پەس تەرەپتىكى ئايال مۇنداق دېدى:
ئەي بېشى قاتقان بىكارچى
دىققىتىڭنى چاچما
ئاشۇ تۇمانلىق كۈنى
سەن مېنىڭ چۈۋۈلغان ئىچ - قارنىمنى كۆرەلمىدىڭ
مەن بىر كۆرۈمسىز ئايال
پات - پات ئەينەككە يەم بولىمەن
پات - پات ئۈستى تەرەپتىن كۆزىتىلىمەن
پات - پات ھەيران بولىمەن
لېكىن
ئىچىم بىلەن تېشىم ئوخشاش
كولىنىۋاتقىنى مېنىڭ بىردىنبىر تېنىم
تامچىلاۋاتقىنى مېنىڭ قىممەتلىك سۆيۈم

2015 - يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

# قېلىن قار

ئەڭ مۇھىم نەرسە تېخىچە تېپىلمىغان شۇ ئىككى كۈندە،
ئۈرۈمچىدە قېلىن قار ياغدى.
بۇ ـــ ئاللانىڭ رەھمىتى، دەپ قارىلىدۇ.

ياقا يۇرتلۇق باققال قېلىن قاردا پىيادە كۈچىنىپ كېتىپ بارىدۇ.
بۇنداق ئادەملەر ھەرقانداق چاغدا ئادەم جىق يەرگە بارسا
چوقۇم بالاغا قالىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

ئۆيىدىن چىقىشنى خالىمىغان جەسۇر ئادەملەر
قار ياغمايدىغان جايلارنى ۋە يوقاپ كەتكەن بوۋاينى
ۋە قاردا پېتىپ قالغان ئاپتوموبىلنى ۋە تۆرەلمىگەن بالىنى
ۋە ئاقمىغان ئىشلىرىنى سۈس ھەسرەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىدۇ.

لېكىن، قېلىن قار
قىمارۋازنىڭ كۆڭلىدەك گول ۋە يۇمشاق ۋە چىداملىق،
كېيىن مەينەت ئىكەنلىكى چوقۇم ئاشكارىلىنىدۇ
ۋە يانجىلىپ قاتىدۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ كېتىدۇ.

خۇددى مۇشۇ قېلىن قاردەك
نۇرغۇن جەسۇر ئادەم
نۇرغۇن قېتىم
بەل قويۇۋېتىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغاندۇ ـ ھە!

كەلگەنلەر بار.
كەتكەنلەر بار.
كەتمىگەنلەر يوق.

كەلـمىگەنلەر بار.
ئىككى كۈن ياغقان بۇ قېلىن قار
بۇ دۇنياغا كەلـمىگەن ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ شادلىقى ئىدى،
دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

2015 - يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئاشىق

(داستان)

1

بىز مۇشۇ دۇنيادا سىلەر بىلەن بىللە تۇرىمىز
شامال بىلەن سۇ، ئوت بىلەن تۇپراق بىللە تۇرغاندەك
ئۆلۈپ بولدۇق، ئەمدى ئۆلمەيمىز
خۇددى ۋاقىتنىڭ چېكى بولمىغاندەك

بىز گەرچە گۇناھكار بولساقمۇ
بىز گەرچە يامان ھېسابلانساقمۇ
بىز گەرچە مەينەت ئاتالساقمۇ
ئۇلاردىن قورقۇپ
سىلەردىن نېرى تۇرۇپ
يالغۇز دەرەخلەرنى
كونا تۈگمەنلەرنى
ئەسكى تاملارنى
تاشلاندۇق ئۆيلەرنى
كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىنى
يول بويلىرىنى
گۆرىستانلارنى
ئەخلەت، كۆل، يۇندى تۆكۈلىدىغان يەرلەرنى
ئېغىللارنى
قانلىق ئازگاللارنى
دوقمۇشلارنى
ئېقىن بويلىرىنى
قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنى
خارابىلەرنى

ماكان تۇتىمىز
سىلەر بىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىمىز
سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىمىز
سىلەر قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايمىز
سىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايمىز
بىز سىلەرنىڭ ۋەھىمەڭلەرنىڭ بىر قىسمى
(سىلەر كىچىكىڭلاردىن تارتىپ بىزدىن قورقۇسىلەر)
بىز سىلەرنىڭ قىزىقىشىڭلارنىڭ بىر قىسمى
(سىلەر بىز توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى توقۇيسىلەر)
بىز ھەتتا سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنىڭ بىر قىسمى
(سىلەر بىز ئارقىلىق بەزى مەقسىتىڭلارغا يەتمەكچى بولىسىلەر)
بىزنىڭ ئىسمىمىز بار، جىسمىمىز يوق
بىزنىڭ روھىمىز بار، تېنىمىز يوق
بىز كۈندۈزى ئۇخلايمىز
كېچىلەردە سىلەرگە
ئاق چاچلىق موماي، قارا مۈشۈك، كۆك ئۆچكە
ياكى قىزىل ئوت بولۇپ كۆرۈنىمىز

2

ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ
ئۇلارمۇ ئۆلۈپ بولغان، ئەمدى ئۆلمەيدۇ
لېكىن ئارىمىزدا زور پەرق بار
ئۇلار ئارزۇلۇق
ئۇلار خاقانلار
ئۇلار باتۇرلار
ئۇلار ئەجدادلار
ئۇلار كۈچلۈك
ئۇلار ياخشى
ئۇلار

سىلەر سالغان بۇي بىلەن
سىلەر قىلغان قان بىلەن
سىلەر ئوقۇغان دۇرۇت بىلەن
كۆچ - قۇۋۋەتكە تولدۇ
ئاق ئارغىماقلارنى مىنىپ
شاھانە تونلارنى كىيىپ
ئالتۇن تاجلارنى تاقاپ
تۇغ - ئەلەملەرنى تۇتۇپ
كۆك ئاستىدا
يەر ئۈستىدە
شامال ئىچىدە
بۇلۇت ئارىسىدا
قولىغا قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئايپالتا
سەدەپ يا ياكى تاش ئوقلارنى ئېلىپ
سىلەرنى قوغدايدۇ
بىزنى پايلايدۇ
سەيشەنبە، چارشەنبە، شەنبە كۈنى كېچىلىرى
تەرەپ - تەرەپتىن چاقىرىلىپ
بىزنى قوغلايدۇ
ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرەلمىسىمۇ
لېكىن بىز ئۇلاردىن ئۆلگۈدەك قورقىمىز

3
سەن تۆرىلىشتىن ناھايىتى نۇرغۇن يىللار بۇرۇن
دەل سەن ياشاۋاتقان مۇشۇ يەردە
ھازىرقى ئۆزۈمگە ئايلاندۇرۇلغان كونا بىرىمەن
مەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ ئاددىيلارنىڭ بىرى
بۇرۇنمۇ ئاددىي بىر ئادەم ئىدىم
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە ئۆزگىرىشلەرنى

ناھايىتى نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈپ كەلدىم
سىلەردىكى گۈزەللىك ۋە قۇدرەتنى
ئۇلاردىكى پاراغەت ۋە قۇۋۋەتنى
بىزدىكى ئىقتىدار ۋە جۈرئەتنى
سىلەردىكى بىچارىلىك ۋە ئەخمەقلىقنى
ئۇلاردىكى رەھىمسىزلىك ۋە مەنمەنلىكنى
بىزدىكى مەھكۇملۇق ۋە مەنىسىزلىكنى
تولا باشتىن كەچۈرۈپ زېرىكتىم
مەن ياشىغان ئۇ چاغ ھازىرغا ئوخشىمايتتى
لېكىن مەن بۇرۇنىمۇ، ھازىرىمۇ ياخشى كۆرمەيتتىم

مەن تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي
دادام ۋە ئۈچ ئاكام ئۇرۇشتا ئۆلگەنىكەن
ئانام : بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق، دەيتتى
مەن بۇ گەپنى چۈشەنمەيتتىم
ئەمما بۇ گەپكە ئىشىنەتتىم
مۇنداق بىر ئىشنى كېيىن ئۇقتۇم :
مەن بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە
ئانام باشقا ئەرگە تەگمەكچى بولۇپ
نائۇستا قېرى جادۇگەرنىڭ گېپىگە كىرىپ
مەن بىر كېسەلمەن بوۋاقنى
تۆگە گۆشى شورپىسىغا ئوغا سېلىپ ئىچۈرۈپ
ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ
(يىغلاپ تۇرۇپ)
لېكىن ئەكسىچە
شورپا ماڭا يېقىپ قېلىپ
قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ - تېشىپ
ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىپ كېتىپتىمەن
ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ
بىر تەرەپتىن يىغلاپ

بىر تەرەپتىن كۆلۈپتۇ
ماڭا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ
نىيىتىدىن يېنىپتۇ

نۇرغۇن باللارغا ئوخشاش
ئات مىنەتتىم
قوي باقاتتىم
ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتىم
باللار توپ - توپ بولۇپ ئوينايتتۇق
دەريادا، كۆللەردە
سۇغا چۆمۈلەتتۇق
بېلىق تۇتاتتۇق
قۇملۇقلاردا، جاڭگاللاردا
توشقان سوقاتتۇق
موللاق ئاتاتتۇق
سىيرىلىپ چۈشەتتۇق

كۈن ئۆتتى
ئاي ئۆتتى
يىل ئۆتتى
يىگىت بولدۇم
ساق - سالامەت، بېجىرىم ئىدىم
ھەممە ئەركەككە ئوخشاش
كىچىكىمدىن قانمايدىغان بىر ئىستەك بار ئىدى
چوڭلار بىزگە
ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئىشنى ھېكايە قىلىشاتتى
لاپ ئېتىپ ماختىنىشاتتى
يۇرتتا مەلۇم بىر گۈزەل ئايالنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى
تاما ۋە ھەسرەت بىلەن سۆزلىشەتتى
نوچى تاز ۋە مادا ئېشەك ھەققىدە

ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلەرنى توقۇشاتتى
بۇنداق گەپلەرنى كىچىكىمدىن ئاڭلاپ
يات جىنسلارغا ھەۋەس قىلاتتىم
ھايۋانلارنىڭ جۈپلەشكىنىگە قاراپ كېتەتتىم
مەھەللىدىكى قىزلارغا نىيەت بۇزاتتىم
لېكىن قورقۇنچاق ئىدىم
ئىستىكىم كۆزۈمنى قىزارتىۋەتسىمۇ
ئىستىكىم بۇرنۇمنى كۆپتۈرۈۋەتسىمۇ
ئىستىكىم تېنىمگە پاتمىسىمۇ
چىدايتتىم
ئۆزۈمنى بېسىشقا كۈچۈم يېتەتتى
لېكىن بىلمىدىم نە ئۈچۈنكى
بىرەر قىزنى ياخشى كۆرەلمەي
ياكى
بىرەر قىزنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمەي ئۆتتۈم
ئۇنچە سەتمۇ ئەمەس ئىدىم
ئۇنچە ئەسكىمۇ ئەمەس ئىدىم
ئانام غېمىمنى قىلىپ
بىر قىز تېپىپ
پات يېقىندا
مەن بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان
ئەپلىشىپ قالسا
مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولغان
(بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى)
دەل شۇ چاغدا ئاشۇنداق بولدى

مەن باتۇر ئەمەس ئىدىم
قەھرىمانلارغا چوقۇنىدىغان بىر دەۋردە
يېڭىش ھەممىدىن ئەلا بىر دەۋردە
كۈچلۈكلەرنىڭ دۇنياسىدا

مەن تۇغما قورقۇنچاق ئىدىم
يالغۇز ئادەملەردىنلا ئەمەس
تەخىرلەردىن بەك قورقاتتىم
تەخىرلەردىن بەك قورقاتتىم
تەخىرلەردىن بەكمۇ قورقاتتىم
شۇڭا، پەقەتلا شۇڭا
تەخىرلەرگە ئىشەنمىسەم دەيتتىم
تەخىرلەر ھەققىدىكى مۇراسىملاردىن
تەخىرلەرگە ئائىت گەپ - سۆزلەردىن
تەخىرلەرگە تەۋە نەرسىلەردىن
نېرى قاچاتتىم
تەخىرلەرنىڭ بولىماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم
ئۆزۈمنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا سېزەتتىم
ئۆزۈمنى گۇناھ بىلەن ساۋاب ئارىسىدا كۆرەتتىم
شۇ سەۋەبتىن
ماڭا تەخىرلەرنىڭ غەزىپى ياغقانمىش

ئاشۇ ئاي تولغان كېچە
مېنى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان يېرىمدىن تارتىپ چىقىپ
ئانامنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالدا يالۋۇرۇپ يىغلاشلىرىغا پەرۋا قىلماي
مەن تېخى ئۇيقۇدىن تۇزۇك ئويغىنىپ بولغۇچە
مەن تېخى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە
مېنى سۆرەپ ئاپىرىپ
مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئاق قورام تاشقا يۆلەپ
ئايپالتا بىلەن كاللامنى ئېلىشتى
ئايپالتا بىسىنىڭ بوينۇمدىن ئۆتۈپ
تاشقا غاراچلاپ تەگكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىدىم
بەلكىم دادامنىڭ ئەرۋاھى ھەسرەت ئىچىدە قاراپ تۇرغاندۇ
بەلكىم ئاكىلىرىمنىڭ ئەرۋاھلىرى ئېچىنىش ئىچىدە كۆرۈپ تۇرغاندۇ

تېنىم ئىككى پارچە بولدى
قېنىم تەڭرىلەرگە ئاتالدى
ئەسلىي ئەجداد بولاتتىم
ئەمدى خائىن بولدۇم
ئەسلىي ئۆز بولاتتىم
ئەمدى يات بولدۇم
ئەسلىي ئەرۋاھ بولاتتىم
ئەمدى جىن بولدۇم
ئەسلىي ياخشى بولاتتىم
ئەمدى يامان بولدۇم
ئەسلىي پاكىز بولاتتىم
ئەمدى مەينەت بولدۇم
تېنىمنى مەھەللە سىرتىدىكى قارا قورام تاش ئۈستىگە تاشلاشتى
بېشىمنى ئىگىز خادىغا چېچىمدىن ئېسىشتى
ئۈچ كۈن تېنىم بىلەن بېشىم ئارىسىدا يۈردۈم
كۆزۈمنىڭ قارىسىنى چوقۇماقچى بولغان قۇزغۇنلارنى
تاشلاندۇق تېنىمنى يېمەكچى بولغان چىلبۆرىلەرنى
زىنهار يېقىن كەلتۈرمىدىم
يۈزىنى تاتىلاپ قان قىلغان
چاچلىرىنى چۇۋۇپ يۇلغان ئانامنىڭ
يۈزلىرىنى سىلىدىم
ياشلىرىنى ئېيتتىم
چاچلىرىنى سۆيدۈم
ئۇ مېنىڭ شۇ يەردە بارلىقىمنى بىلەتتى
لېكىن مېنى كۆرمەيتتى
يەنە شۇ تەڭرىلەرگە نالە قىلاتتى
ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى
ئاۋۋال ئۇلاردىن ئەجدادلار كېلىپ مېنى قوغلىدى
مېنى قامچا بىلەن ساۋىدى
دەريا بويىغا كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە كەلدىم
ئانامنى نەزىر قىلغىلى قويۇشمىدى

ئاندىن ئۆلۈلاردىن باتۇرلار كېلىپ مېنى قوغلىدى
مېنى خەنجەرلەردە كەستى
چۆلگە قېچىپ كېتىپ يەتتە كۈندە قايتىپ كەلدىم
ئاخىرىدا ئۆلۈلاردىن خاقانلار كەلدى
ماڭا نەيزىلەرنى تىقتى
شۇ قاچقانچە
مەندەكلەرگە تەئەللۇق يەرلەردە
گۆرىستانلاردا
قانلىق ئازگاللاردا
يول بويلىرىدا
ئېقىن باشلىرىدا
چوڭ كۆۋرۈكنىڭ تەگلىرىدە
يۈندى ئازگاللىرىدا
ئەسكى تاملاردا
قاراڭغۇ كامارلاردا
سەرسان بولۇپ يۈردۈم
ياتلارغا ، مەينەتلەرگە ، گۇناھكارلارغا
سۈرگۈنلەرگە ، يامانلارغا قوشۇلدۇم
شۇنچە ئۇزۇن
ئاچ ، سەرسان ، يېگانە ، جىمجىت ئۆتتۈم
(ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئانامنى زادىلا ئۇچراتمىدىم)
ھېچكىمگە چېقىلمىدىم
ھېچكىم بىلەن تالاشمىدىم
باشقىلار بوزەك قىلسا جىم تۇردۇم
قورقۇپ ، قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈردۈم
تاكى ئاشۇ كۈنى
سېنى ئۇچراتقانغا قەدەر

4

ئۇمۇ بىر ئاي تولغان كېچە ئىدى

بىر سالقىن يەكشەنبە ئىدى
سەن ۋېلىسىپىت مىنىپ
مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ قالدىڭ
تېخى يېقىندا
دۇنيالارنىڭ سەركەردىسى سەنجىۋانى دۇە
كۆۋرۈك ئاستىدىكى ئۇۋامنى تارتىۋالغانىدى
مەن ئامالسىز
مەھەللە سىرتىدىكى يول بويىدىكى
يالغۇز قېرى سېدە دەرىخىگە كۆچۈپ كەلگەنىدىم
كېچىدە بۇ يەردىن دائىم ئادەم ئۆتەتتى
يالغۇزلۇقتا ئىچىم پۇشۇپ
(بۇ مېنىڭ بىردىنبىر دەردىم ئىدى)
ئۆتكەن ھەربىر ئادەمگە دىققەت قىلاتتىم
لېكىن بىر كىمگە چېقىلىش نىيىتىم بولمىغاچ
ھېچقانداق ئادەمگە قىزىقمايتتىم
قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي
سېدە ئۇستىدە ئولتۇرۇپ
ۋېلىسىپىتنىڭ جىرىڭلاپ ماڭغان تىۋىشىنى ئاڭلاپ
پەسكە قارىدىم
ئاي نۇرىدا
سېنى شۇنچە ئېنىق كۆردۈم
ئاي نۇرىدا
سېنى بەكمۇ تونۇش سەزدىم
ئاي نۇرىدا
سېنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم
ئاي نۇرىدا
مەندە زادى بولۇپ باقمىغان
مەندە زادى بولۇپ باقمىغان
مەندە زادىلا بولۇپ باقمىغان
بىر ھال يۈز بەردى

ئاي نۇرىدا
ئۆيلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا
ئىككىلىنىشكە ئۈلگۈرمەيلا
شاختىن ئۇچۇپ ساڭا ئەگەشتىم
سەن خۇددى مېنى سەزگەندەك
ياكى
يالغۇز سېدىدىن قورققاندەك
ۋېلىسىپتنى تېخمۇ ئىتتىك ھەيدىدىڭ
ئاھ، نەقەدەر شېرىن
سېنىڭ تېنىڭدىن چىققان سۇس خۇش پۇراق
ئاھ، نەقەدەر گۈزەل
سېنىڭ يۈزۈڭ، كۆزۈڭ، ئاغزىڭ، بۇرنۇڭ، لەۋلىرىڭ
ئاھ، نەقەدەر سېھرلىك
سېنىڭ چۆچۈپ تۇرغان روھىڭ، تىترەپ تۇرغان تېنىڭ
مەن ئەتراپىڭنى ئايلىنىپ
سېنى راسا كۆرۈۋالدىم
سېنى راسا پۇرىۋالدىم
سېنى راسا تونۇۋالدىم
ساڭا شۇنداق ئەگىشىپ
ئىشىكىڭ ئالدىغىچە باردىم
ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي
تالادا تەنھا قالدىم

5

ئەمدى مەن ئۈچۈن ئاجايىپ كۈنلەر باشلاندى
كۈندۈزلىرى ئۇيقۇسىز ۋەيران
كېچىلىرى ئاۋارە سەرسان
سەندىن ئايرىلغۇم كەلمەيتتى
سېنى كۆرۈپ تۇرۇشتىن باشقا ئىشىم يوق ئىدى
سەن كۆل تۆكسەڭ

سەن يۇندى تۆكسەڭ
سەن ئەخلەت تۆكسەڭ
بىزگە مالاللىق يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن
بىزگە بولغان ھېيقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن
چىن كۆڭۈلدىن چىقىرىپ
پوش، پوش، پوش ... دەيتتىڭ
مەن بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم
سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ
سېنىڭ ئىخلاسمەنلىكىڭ
سېنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭ
مېنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرەتتى

سەن سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقاندا
سەن مەكتەپ ھويلىسىدا كىتاب ئوقۇۋاتقاندا
سەن كارىدوردا ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا
سەن ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆيۈڭگە قايتقاندا
سەن تاماق يەۋاتقاندا
سەن دەرس ئۆگىنىۋاتقاندا
سەن قاچا يۇيۇۋاتقاندا
سەن خىيال سۈرۈۋاتقاندا
سەن يۇيۇنۇۋاتقاندا
سەن دۇئا قىلىۋاتقاندا
ھەتتا سەن ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندا
ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا
مەن سەن بىلەن بىللە ئىدىم
(بىردىنبىر كىرەلمەيدىغان يېرىم
سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ھۇجراڭ ئىدى
چۈنكى ئۇ ئۆيدە يوغان بىر تىكلىمە ئەينەك بار ئىدى)
سەن ماڭغان يولدا تۇراتتىم
سەن ئولتۇرغان يەردە ياتاتتىم

سەن سۇ ئىچكەن جۇمەكنى سۆيەتتىم
سەن مىنگەن ۋېلىسىپتنى سىلايتتىم
سەن تاماق يېگەن قاچىلارنى يالايتتىم
سەن كىيگەن كىيىملەرنى تۇتاتتىم
سەن تۇتقان نەرسىلەرنى پۇرايتتىم
سەن بۇلاردىن پۇتۇنلەي خەۋەرسىز ئىدىڭ
سەن مېنى تونۇمايتتىڭ
سەن مېنى بىلمەيتتىڭ
سەن مېنى ھېس قىلمايتتىڭ
سېنىڭ مېنى تونۇشۇڭ
سېنىڭ مېنى بىلىشىڭ
سېنىڭ مېنى ھېس قىلىشىڭ
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى

مەن ئۆزۈمگە ئوخشمايۋاتاتتىم
مەن ئاشىق بولغانىدىم
مەن ساڭا ئاشىق بولغانىدىم
بۇ ئاشىقلىق مەن ھايات چاغدا ماڭا نېسىپ بولمىغان
ئۆلگەندىن كېيىنمۇ
شۇنچە نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان
ماڭا زادى ئۇچراپ باقمىغان
نېسىۋەم ئىدى
مەندەك بىر سۆيگۈسىز ئۇچۇن
مەندەك بىر سۇرگۈن ئۇچۇن
مەندەك بىر مەھكۇم ئۇچۇن
مەندەك بىر مەشئۇم ئۇچۇن
بۇ سۆيگۈنىڭ
بۇ سەۋدانىڭ
بۇ ۋەسۋەسىنىڭ
قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكى ساڭا نامەلۇم ئىدى

6

قىش كېلىپ تەتىل بولدى
سەن تالاغا كۆپ چىقماس بولدۇڭ
مەن ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈردۈم
چېچىلغاق ئوي - خىيالىم
تىزگىنسىز قىلىقلىرىم
بىسەرەمجان ئەھۋالىم
كەم - كوتىسىز ئاشىقنىڭ ئىدى
كۈندۈزلىرى سېنى ھويلىدا كۆرەتتىم
سىرتلارغا چىققاندا
ساڭا ئەگىشەتتىم
سەن بىلەن بىللە ئىدىم
لېكىن ئېھتىيات بىلەن ئارىلىق ساقلايتتىم
(ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقاتتىم)
زىمىستاننىڭ ئۇزۇن كېچىسى
ھوشسىز دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا تەلمۈرۈپ
خەتەرلىك چوكمۈزلارنىڭ ئۇچلىرىدە تەلمۈرۈپ
زەھەرلىك تىكەنلەرنىڭ ئۇچلىرىدا تەلمۈرۈپ
قۇترىغان شۇرغاننىڭ دۈمبىسىدە تەلمۈرۈپ
غەمكىن قار گۈللىرىنىڭ ئۆتكۈر بىسلىرىدا تەلمۈرۈپ
تېڭىرقىغان قېرى قاغىنىڭ قاناتلىرىدا تەلمۈرۈپ
سېنىڭ يالغۇز تالاغا چىقىشىڭنى كۈتەتتىم
تاسادىپىي چىقىپ قالساڭ
بۇ جاھانغا پاتماي كېتەتتىم
سېنىڭ ئاياغ تۇۋىڭدە، سېنىڭ باش ئۇستۇڭدە
سېنىڭ كەينىڭدە، سېنىڭ ئالدىڭدا
ئايلىنىپ يۈرەتتىم
چاچلىرىڭغا، قوللىرىڭغا، كىرپىكلىرىڭگە
لەۋلىرىڭگە، مۈرىلىرىڭگە، بىلەكلىرىڭگە

قوناتتىم
سېنى
ساڭا قورقۇنچ ئېلىپ كېلىدىغان قاراڭغۇدىن
ساڭا زەخمە يەتكۈزۈشى ئېھتىمال خەتەرلەردىن
قوغدايتتىم

دەل شۇ چاغدا
دەل شۇ چاغدا
مەن بىلەن ئالاقىسى يوق بىر مىسكىنلىك
مەن بىلەن ئالاقىسى يوق بىر مىسكىنلىك
مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر مىسكىنلىك
سەندە باشلاندى
سېنىڭ شۇخلۇقلىرىڭ ئازايدى
مەن ئامراق بىغەملىكىڭ ئازايدى
سېنىڭ جەلپكارلىقىڭنى ياراتقان
سېنىڭ قىممىتىڭنى ياراتقان
ماڭا ئۈمىد بەخش ئەتكەن
ماڭا قۇۋۋەت بەخش ئەتكەن
تەنهالىقىڭ ئاجىزلاشتى

مەن بىلەتتىم
(بىلمىسەم نەقەدەر ياخشى ئىدى)
هامان مۇشۇنداق بولاتتى
بۇ ئۇن يەتتە ياشلىق قىزنىڭ گۈزەل دەردى ئىدى
بۇ مەن چوقۇم يۈزلىنىدىغان دەھشەتلىك قىيناق ئىدى
سىلەردە پەقەت بىرلا پارچە سۆيگۈ خېتى بار ئىدى
كىم سۆيگۈ ئىزهار قىلماقچى بولسا
شۇ خەتنى كۆچۈرۈپ ئۆز ئىسمىنى يېزىپ
سۆيگۈ ئىزهار قىلىنغۇچىغا بېرەتتى
ساڭا ئاشۇنداق خەتلەر كېلىشكە باشلىغاندى

سەن تەكلىماكانىنىڭ مۇشۇ بىر بۇرجىكىدە ياشايدىغان
ئاددىي بىر قىز ئىدىڭ
مەندەك بىر سەن بىلەن بىر دۇنيادا
ئەمما باشقا شەكىلدە ياشىغۇچىغا نىسبەتەن
سەن تولىمۇ ئاجىز بىر ئىنسان ئىدىڭ
(سىلەر تولىمۇ ئاجىز ئىنسان ئىدىڭلار)
ساڭا ھەۋەس بىلەن قارىغانلارنى
ساڭا نىيىتىنى بۇزغانلارنى
ساڭا چاقچاق قىلغانلارنى
ساڭا ئاشىق بولغانلارنى
ساڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلغانلارنى
كېسەل قىلالايتتىم
مېيىپ قىلالايتتىم
ساراڭ قىلالايتتىم
ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتىم
لېكىن ساڭا ئاشىق بولغانلىقىم ئۈچۈنلا
پەقەت ساڭا ئاشىق بولغانلىقىم ئۈچۈنلا
رەشك دەردىدە ھەرقانچە پارچىلانساممۇ
قارا يىپتەك ئۈزۈلسەممۇ
ئاق لاتىدەك يىرتىلسامۇ
ئۇنداق قىلمىدىم

ھەممىدىن مېنى قىينايدىغىنى بۇ ئەمەس ئىدى
ھەممىدىن مېنى قىينايدىغىنى
سېنىڭ قەلبىڭدە ئەركەكلەرگە ئويغانغان
بارا - بارا كۈچىيىۋاتقان ھەۋەس ئىدى
ھەتتا
سېنىڭ ئۇلارغا كۈلۈپ قارىشىڭ

سىنىڭ ئۇلارغا چاقچاق قىلىشىڭ
سىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن يوشۇرۇن ھاياجانلىنىشىڭ
ئوتلۇق نەپەستە ئۇھ تارتىشىڭ ئىدى
شۇنداق چاغلاردا
مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتىم
ئۆزۈمنى ئۆزۈم بوغۇپ
قۇيۇندەك پىرقىراپ
بوغۇلۇپ چىرقىراپ
ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدا قىسىلاتتىم
سەن مەڭگۈ ھىس قىلالمايدىغان ئوقۇبەت ئىچىدە قىينىلاتتىم
شۇنداقتىمۇ سەندىن زىنھار ئاغرىنمايتتىم
سەندىن ئاغرىنمىغىنىم ئۈچۈن بۇ ئازابقا چىدايتتىم
چۈنكى سەن ئىنسان ئىدىڭ
سىنىڭ ئۆز ھاياتىڭ بار ئىدى
سەۋەب ۋە نەتىجىسى مېنىڭكىگە ئوخشمايدىغان
جەريانى مېنىڭكىگە يەتمەيدىغان
سۆيگۈڭ بار ئىدى
مەن بۇنى ئەلەم ئىچىدە چۈشىنەتتىم
لېكىن ئەمدى يامان بولغىنى
سەن ھۇجرا ئۆيۈڭگە بېكىنىۋېلىپ
تالاغا كۆپ چىقماس بولدۇڭ
ئۇ ئۆيدىكى ئاشۇ رەزىل چوڭ ئەينەك تۈپەيلى
مەن ئۇ ئۆيگە كىرەلمەيتتىم

7

مەن سېنى كۆرەلمىگەنسېرى
جىددىيلىششكە باشلىدىم
بۇنداق جىددىيلىك بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى

مەن ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى
مەن خۇددى كېسەل بولۇپ قالغاندەك
ئۆزۈمدە بىر خىل ئەسەبىيلىكنى سېزىشكە باشلىدىم
جىددىيلىشىش مېنى قۇترىتىۋاتاتتى
ساڭا يېقىنلىشىشنى
سەندىن ھېچ ئايرىلماسلىقنى ئىستەيتتىم
بىزگە نىسبەتەن
ماڭا نىسبەتەن
بۇ بەك ئاسان ئىش ئىدى
بىز سىلەر قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايتتۇق
بىز سىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايتتۇق
لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ بەدىلى بار ئىدى
مەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق جازالىناتتىم
سەنمۇ تارتىپ باقمىغان ئازابقا دۇچار بولاتتىڭ
مەن قانداق قىلاي
مەن قانداق قىلاي
مەن زادى قانداق قىلاي

بىزنىڭ ئۇستۇنلۇكىمىز دەل بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز ئىدى
مېنىڭ ئۇستۇنلۇكىم ھەم مېنىڭ ئاجىزلىقىم ئىدى
دەرەخلەرنىڭ ئۇنتۇلغان كاۋاكلىرىدا
ئەنجان تامنىڭ پىنھان يېرىقلىرىدا
ئىشكلەرنىڭ كونىرىغان يوچۇقلىرىدا
كېسەكلەرنىڭ قاراڭغۇ ئاراچلىرىدا
ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ئولتۇرۇپ
جىددىيلىك ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە
ئىككىلەندىم
ئىككىلەندىم
يەنە ئىككىلەندىم
نىيىتىمدىن يېنىش ئۇچۇن

ئەڭ خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ بەرگىنى پۇراپ باقتىم
ئەڭ جەزبىدار شەپەق نۇرلىرىدا تۇرۇپ باقتىم
ئەڭ سۈزۈك سۇنىڭ كۆپۈكلىرىدە ئۈزۈپ باقتىم
ئەڭ سېھىرلىك كۈيلەرگە ئىسقىرتىپ باقتىم
ساڭا چەكسىز ئاشىق ئىكەنلىكىمنى
ساڭا شەكسىز ئاشىق ئىكەنلىكىمنى
ساڭا شەرتسىز ئاشىق ئىكەنلىكىمنى
ئۆزۈمگە تەكرار - تەكرار دەپ باقتىم
لېكىن
شۇ جىددىيلىكنى
شۇ ۋەسۋەسىنى
شۇ كۈچنى
زادىلا يېڭەلمىدىم

8

دائىم تەكرارلىنىدىغان ئاشۇ دۈشەنبە كۈنى
ھەممە يەرنى قار قاپلىغان ئايدىڭ كېچە
سەن يەنە ھويلىدىكى ھاجەتخانىغا چىقتىڭ
قاردا غاچىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا
سېنى تونۇۋالدىم
سەن ھاجەتخانىغا كىرىپ
شۇنداق چاقچاقانلىق بىلەن
گۈزەل قىياپەتتە ئولتۇردۇڭ
پوش، پوش، پوش ...
مەن ئەمدى قاراپ تۇرالمىدىم
مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم
مەن ئەمدى كۈتۈپ تۇرالمىدىم
ئايىغى چىقماس تەقدىرىمگە تەۋەككۈل قىلىپ
بېشىمغا نېمە كەلسە كۆرەي بولدى دەپ
ساڭا كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتنى قايرىپ قويۇپ

دەل پەيتىنى تاللاپ
ئىچىڭگە كىرىۋالدىم
ھەش - پەش دېگۈچە
366 تال تومۇرۇڭغا
444 پارچە ئۇستىخىنىڭغا
تارالدىم
ئاشۇ دەقىقىدە
دەل ئاشۇ دەقىقىدە
سەن بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلدۇم
سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم بىر جان بولدى
مانا بۇ مېنىڭ خىيالىم ئىدى
مانا بۇ مېنىڭ ئارمانىم ئىدى
مانا بۇ مېنىڭ ۋىسالىم ئىدى
ئاشۇ دەقىقە
دەل ئاشۇ دەقىقە
ۋۇجۇدۇڭغا ئىللىق بىر سېزىم تارالدى
پىسىڭگىدە بىرنى كۈلدۈڭ
سەندە زادى بولۇپ باقمىغان
سەندە زادى بولۇپ باقمىغان
سەندە زادى بولۇپ باقمىغان
بىر ھال يۈز بەردى
مەن سېنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىڭغا بارغاندا
سەن ئاجايىپ بىر لەززەت ئىچىدە ئاھ ئۇردۇڭ
بوش ئېچىلغان ئاغزىڭدىن كىرگەن ئۆتكۈر سوغ ھاۋا
ۋۇجۇدۇڭنى تىترەتتى
لېكىن سەن چېچەنلىك بىلەن
دەرھال خۇدۇڭنى يىغىپ
ئۆيگە ئىتتىك ماڭدىڭ
ئۆيگە ئىتتىك ماڭدۇق

ئەمدى مەن سىنىڭ خۇيۇڭنى تىزگىنلىيەلەيتتىم
ئەمدى مەن سىنىڭ خۇدۇڭنى باشقۇرالايتتىم
ئەمدى مەن سىنىڭ ئەقلىڭنى ئازدۇرالايتتىم
ئەمدى مەن سىنىڭ زىھنىڭنى ئىلىشتۇرالايتتىم
ئەمدى هۇجراڭدىكى هىلىقى رەزىل چوڭ ئەينەك
كارغا كەلمەيتتى

سىنى ئۇچراتقاندىن بۇيان
مەن سىنى خۇشال يۇرسە دەيتتىم
مەن سىنى ئىچىلىپ ـ يىيىلىپ كۇلسە دەيتتىم
ئەمدى مەن سىنى شادلىقتا ئىرىشتۇرەلەيتتىم
ئەمدى مەن سىنى بەختىيارلىقتا چۆمدۇرەلەيتتىم
مانا ئەمدى مەن سىنى كۇلدۇرۇشكە باشلىدىم
سەن
ئىچ ـ ئىچىڭدىن توختىماي
كۇلەتتىڭ
كۇلەتتىڭ
كۇلەتتىڭ
كۇلۇپ هالىڭدىن كەتكەندە توختايتتىڭ
چارچاپ ئۇخلاپ قالغاندا توختايتتىڭ
كۇلەتتىڭ
كۇلەتتىڭ
كۇلەتتىڭ
لىكىن
سىنىڭ كۇلۇۋاتقىنىڭ مىنىڭ كۇلكەم ئىدى
نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مەن كۇلەلمىگەن كۇلكە ئىدى
تاغلارنىڭ هىدى سىڭگەن
دەريالارنىڭ تەمى سىڭگەن
قۇملۇقلارنىڭ رەڭگى سىڭگەن
ۋاقتنىڭ ئوتىدا كۆيگەن

ماكاننىڭ سۈيىدە ئاققان
يالغۇزلۇقنىڭ ئىچىگە سولىنىپ تۇرغان
مىسكىنلىكنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان
سۈپىتى ۋە شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن
كونا كۈلكە ئىدى
بۇ كۈلكىنىڭ ئاۋازى سېنىڭ كۈلكەڭنىڭكىگە ئوخشمايتتى
بۇ كۈلكىنىڭ سىياقى سېنىڭ كۈلكەڭنىڭكىگە ئوخشمايتتى
بۇ كۈلكىنىڭ ئۇدارى سېنىڭ كۈلكەڭنىڭكىگە ئوخشمايتتى
شۇڭا ئاتا - ئاناڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ
سېنىڭ كۈلكەڭنى تونۇيالمىدى
ھەيران - ھەس بولۇشتى
سېنى كۈلكىدىن توسۇپ باقتى
ساڭا نەسىھەت قىلىپ باقتى
سېنى ئەيىبلەپ باقتى
سېنى تىللاپ باقتى
لېكىن ئامالسىز قالدى
شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ
ۋەھىمىگە چۈشۈشتى

سېنىڭ ئەھۋالىڭ ھەش - پەش دېگۈچە يۇرتقا پۇر كەتتى
ئەھلىمەھەللە
سېنى قۇيۇندا قاپتۇ دېيىشتى
سېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دېيىشتى
يىرگىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ساڭا قاراشتى
توۋا دەپ ياقا چىشلەشتى
تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پېشكەللىك
تۇيۇقسىز باشقا چۈشكەن بۇ ئاپەت
ئاتا - ئاناڭنى پاراكەندە قىلىۋەتتى
ئۆكىلىرىڭنى ساراسىمىگە سالدى
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ بېشىنى قاتۇردى

مەن سىنىڭ گۈزەل ئىچىڭدە ئىدىم
خۇددى بىر ئۆمۈر ئوغرىلاشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىسنى
ئاخىر قولغا چۈشۈرگەن نومۇسسىز ئوغرىدەك
خۇشاللىق ۋە دەككە - دۈككىدە مەست ئىدىم
ئۆزۈمنى راھەت ۋە شادلىق ئىچىدە ئالدىراش سېزەتتىم
لېكىن ئۆزۈمگە قەتئىي ئوخشىمايۋاتاتتىمكى
پەرۋاسىز ئۇششۇققا
رەھىمسىز شەخسىيەتچىگە
مېھىرسىز قاراپ تۇرغۇچىغا
ئايلانغانىدىم

9

مۇشۇنداق بولاتتى
مۇشۇنداق بولۇشى ئېنىق ئىدى
مۇشۇ كۈن ئاخىر كېلەتتى
مەن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەندە
(ھازىرقى ئۆزۈمگە ئايلاندۇرۇلغاندا)
مۇشۇنداق بولۇشى پېشانەمگە پۈتۈلگەنىدى
مەن ساڭا چاپلىشىپ
ئۆزۈمنى بىلمەي يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەر
ئەمەلىيەتتە
يوشۇرۇن ئىزتىراپ ئىچىدە
مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈش جەريانى ئىدى
مېنىڭ باشقا چارەم يوق ئىدى
ئىلاجسىزلىق مېنىڭ تەقدىرىم ئىدى

چارشەنبە كۈنى كەچتە
بىز قوشنا مەھەللىدىكى ئەما باخشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلدۇق
بۇ باخشى بىزنىڭ كۈشەندىمىز ئىدى

بۇ باخشى ئۇلارنىڭ سىردىشى ئىدى
بۇ باخشى بىزنىڭ بىشىمىزغا ئاپەت ياغدۇراتتى
بۇ باخشى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئامەت ياغدۇراتتى
بىز بىلەن ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا
بۇنداق يامان باخشى ناھايىتى ئاز ئىدى
ئون ئىككى يېشىدا ئۇنى
ئۇلاردىن بۇقا خاقان
ھەر كۈنى كەچتە جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ
ئۈچ يىل ئۈچ ئاي ئۈچ كۈن مەخسۇس تەربىيەلىگەنىدى
ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە
مۇدھىش كەيپىياتتىن ۋە ئازابلىق بىشارەتتىن
قانچىلىك ۋەھىمىگە چۈشكىنىم
چاندۇرماي جىم تۇرۇۋالغىنىم
ئۆزۈمگە ئايان
بۇ قورقۇنچنى بېشىغا كەلمىگەنلەر
تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ
بۇ قورقۇنچنى ھەرقانداق بىر تىلدا تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ
بۇ قورقۇنچنى ھېچقانداق شەكىلدە ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ
ئۇ بىزنى كۆرۈپ
تىترەپ تۇرۇپ
ئىشەنچ بىلەن
بىرى چاپلىشىپتۇ
ئەركىكى چاپلىشىپتۇ
بەك چىڭ چاپلىشىپتۇ
بەك جاھىلى ئىكەن
بەك ئەسكىسى ئىكەن
بەك كونىسى ئىكەن
دەپ ھۆكۈم قىلغاندا
سېنى سۈپىدىكى كىگىزدە ياتقۇزغاندا
قاراڭغۇ تار ئۆينىڭ تۆت تېمىغا

قىرىق تال نوكچا چىراغنى ياققاندا
ئادراسمان بىلەن قوي مېيىدا بۆي سالغاندا
يېنىڭغا سۈت بىلەن ئەينەكنى قويغاندا
«ئازايىم» دۇئاسىنى ئوقۇپ ئۇلارنى چىللىغاندا
قولىغا خەنجەر ئېلىپ ساڭا تەڭلەپ مېنى قورقۇتقاندا
چىلان شېخى بىلەن سېنىڭ بەدىنىڭگە ئۇرۇپ
كۆچ ، كۆچ ، كۆچ ، ئەسكى تامنىڭ قېشىغا بار
كۆچ ، كۆچ ، كۆچ ، يالغۇز دەرەخنىڭ قېشىغا بار
كۆچ ، كۆچ ، كۆچ ، تۇل خوتۇننىڭ قېشىغا بار
كۆچ ، كۆچ ، كۆچ ، كونا تۈگمەننىڭ قېشىغا بار
كۆچسەڭ كۆچتۈڭ
كۆچمىسەڭ قوڭاڭغا بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن
دەپ مېنى سەندىن ئايرىۋەتمەكچى بولۇپ
تەھدىت سالغاندا
كۈلۈۋېرىپ ھالىڭدىن كەتكەن سېنىڭ
ئەتراپقا ۋە ئۆزۈڭگە دىققەت قىلغۇدەك مادارىڭ يوق ئىدى
مەن بولسام سېنىڭ ئىچىڭگە تېخىمۇ مەھكەم ئورناپ
جان ـ جەھلىم بىلەن ئورۇنسىز تىركىشىۋاتاتتىم
ئاندىن ئۇ ئۇلۇغ روھلار نامىدىن دەم سېلىپ خىتاب قىلغاندا
تورۇستىن ئارغامچا چۈشۈرۈپ
ئاق، كۆك، قارا، قىزىل لاتىدا تۈغ باغلىغاندا
سېنى ئاشۇ ئارغامچىغا ئېسىلدۇرۇپ
داپ چېلىپ دۇرۇت ئوقۇپ مېنى ئويناتماقچى بولغاندا
سېنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەپ ئارغامچىنى چۆرگۈلەتكەندە
سەن
چۆرگۈلەپ
چۆرگۈلەپ
چۆرگۈلەپ
بىھوش بولغاندا
دەل مۇشۇ چاغدا

ئۇلار كەلدى
ئۇلار كەلدى
ئۇلار كەلدى
قوللىرىدا مىسران قىلىچ
ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت
ئارقىسىدا قىزىل شامال
ئاشۇنداق سۈر - ھەيۋە بىلەن كەلدى
ئاسماننى تىترىتىپ
يەرنى تەۋرىتىپ
ئاشۇنداق كەلدى
ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانىدى
مەن سېنىڭ تېنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدىم
ئىلاجسىزلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى
مەندە نۇرغۇن قېتىم نامايان بولغان
ئەمدى يەنە بىر قېتىم بېشىمغا كەلگەنىدى
مەغلۇبىيەتكە تەكرار - تەكرار يۈزلەنگەنىدىم
يېڭىلىشقا قايتا - قايتا كۆنۈپ كەتكەنىدىم
قوغلىنىش ئەمدى ئېغىر كەلمەيدۇ دەپ ئىشەنگەنىدىم
لېكىن ئۇنداق بولمىدى
ئۇنداق بولمىدى
يەنە بىر قېتىم خورلۇق ۋە ئەلەمگە دۇچار بولغانىدىم
ئاشۇنداق ھالدا
سېنىڭ سىلىق تېنىڭدىن
سېنىڭ ئىسسىق جېنىڭدىن
يېنىپ چىقىدىغان بولدۇم
زادىلا كۆزۈم قىيماي
زادىلا كۆزۈم قىيماي
زادىلا كۆزۈم قىيماي
سەندىن
ئاستا

ئاستا
ئاستا
ئا ـ ج ـ ر ـ ى ـ د ـ ى ـ م
مەن سىنىڭ ئىچىڭدىن يېنىپ چىققان ئاشۇ ئاۋازنى
سەندىن ئاجرىغان ئاشۇ مۇڭلۇق ئاۋازنى
سىلەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاشۇ بىنەپشە ئاۋازنى
سەن ئاڭلىيالىمىدىڭ، سەن ئاڭلىيالمايتتىڭ

10

مەن سەندىن يېنىپ چىقتىم
سەندىن يېنىپ چىقتىم
يېنىپ چىقتىم
چىقتىم
قىش كېچىسىنىڭ ئېغىر قوينىدا
سوغۇق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەڭ قويۇق ئىچكىرىسىدە
مەن بىر يېگانە مەغلۇپ
مەن بىر ھىجرانكەش بىچارە
مەن بىر ئىلاجسىز قوغلاندى
سەندىن يىراققا كېتىۋاتاتتىم
مەن ۋە سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ يۇرت ۋە ئۇنىڭ
توپىلىرى، سۇلىرى، تاشلىرى
قۇشلىرى، دەرەخلىرى، گىياھلىرى
قۇياشلىرى، ئايلىرى، يۇلتۇزلىرى
رەڭلىرى، پۇراقلىرى، ئاۋازلىرى
روھلىرى، ئادەملىرى، ھايۋانلىرى
... نىھايەتكى ...
سەن بىلەن باغلىنىشلىق ھەممە نەرسە
مەندىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاۋاتاتتى
مېنىڭ ئېلىپ ماڭغىنىم كۆچلۈك ئەسلىمە بىلەن
مۇنداق بىر ئاجىز ئىشەنچ ئىدى:

سېنىڭ ئىچىڭ چوقۇم مېنى ئىزدەيدۇ
ئۈگىلىرىڭ ۋە تومۇرلىرىڭ
ئۇستىخانلىرىڭ ۋە سۆڭەكلىرىڭ
چوقۇم مېنى سېغىنىدۇ
سېنىڭ روھىڭ ھامان مېنى چاقىرىدۇ
سەن ئۆزۈڭدە مەڭگۈ بىر كەمتۈكلۈكنى ھېس قىلىسەن
سەن كەلگۈسىدە يارىڭ بىلەن سۆيۈشكەنلەردە
سەن كەلگۈسىدە ئازابلىنىپ ياش تۆككەنلەردە
سەن كەلگۈسىدە ئېرىڭ بىلەن بىللە ياتقانلاردا
سەن كەلگۈسىدە يولدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەنلەردە
سەن كەلگۈسىدە قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغانغانلاردا
سەن كەلگۈسىدە بالىلىرىڭنى تۇغقانلاردا
سەن كەلگۈسىدە ھېرىپ ھالىڭدىن كەتكەنلەردە
سەن كەلگۈسىدە چوڭقۇر يالغۇزلۇق ئىچىدە قالغانلاردا
سەن كەلگۈسىدە كېچىدە ۋېلىسىپىت مىنىپ ماڭغانلاردا
سەن كەلگۈسىدە ئىچ - ئىچىڭدىن قاقاقلاپ كۈلگەنلەردە
سەن كەلگۈسىدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلاردا
ۋە ئەڭ ئاخىر
سەن ئىنسانلىقنى تاماملاپ سەكراتقا چۈشكەندە
بۇنى غىل - پال سېزىسەن ئەمما بىلەلمەيسەن

مەيلى نېمە دەي ئەمدى بەربىر بولدى
ماڭا ئايان ئىدىكى
مۇشۇنداق بولاتتى
تاغلارنىڭ ھىدى ھامان تاغلاردا قالىدۇ
دەريالارنىڭ تەمى ھامان دەريالارغا يانىدۇ
قۇملۇقلارنىڭ رەڭگى ھامان قۇملۇقلارغا بارىدۇ
مەنمۇ ئەمدى ئۆزۈمگە قايتىمەن
خەتەرلىك ناتونۇش جايلارغا كېتىمەن
بۇ ھەسرەت - نادامەت ماكانىدىن ئۇزايمەن
سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىمەن

مەن ئۆلۈپ بولغان، ئەمدى ئۆلـمەيتتىم
لېكىن يەنە بىر قېتىم تەلتۆكۈس ئۆلگۈم كەلدى
بۇ دۇنيادىن ئۈزۈل - كېسىل يوقاپ كەتكۈم كەلدى
بەلكىم شۇ چاغدىلا بۇ مەنزىلسىز مۇساپىنى ئاياغلاشتۇراتتىم
بەلكىم شۇ چاغدىلا بۇ چىدىغۇسىز ناتىۋانلىقتىن قۇتۇلاتتىم
بەلكىم شۇ چاغدىلا بۇ نەتىجىسىز ئىشقنى ئېلىپ كېتەتتىم
بەلكىم شۇ چاغدىلا سەن بىخەۋەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەتتىم

ئەلۋىدا
ئەي مېنىڭ باغرىم
سەن مېنى بىر تال ئىنچىكە يىپ دەپ بىلگىن
سەن مېنى بىر دەستە خىرە نۇر دەپ بىلگىن
سەن مېنى بىر لەھزە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ بىلگىن
سەن مېنى بىر مەشۇقسىز ئاشىق دەپ بىلگىن
سەن مېنى روھلارنىڭ ئەڭ ئاجىزى دەپ بىلگىن
سەن مېنى بىر يەككە - يېگانە جىن دەپ بىلگىن
ئەي مېنىڭ باغرىم
مەن كەتتىم
شۇنداق
شۇنداق
ئەمدى كەلـمەيمەن
ئەمدى كەلـمەيمەن
ئەمدى كەلمەيمەن

2015 - يىلى 31 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ئېيىق

1
تونۇش دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان نۇرلۇق ئورماندا
ياۋۇز چىشى ئېيىقنى خىيال قىپقالدىم
لېكىن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىدىم
ئۇنىڭ بۇنداق ئورماندا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس
شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشى، مەن ئۈچۈن
ئەرلەرنىڭ ئەمچىكىدەك ئارتۇقچە نەرسە

2
بەزىدە ئاۋازىم ئىنچىكە چىقىپ كېتىدۇ
بەزىدە نازۇك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سالىمەن
بەزىدە كېلىشكەن ئەرلەرگە قاراپ سالىمەن
بۇلار — مەندىكى ئاياللىقنىڭ ئىپادىلىرى
مېنى تەشۋىشكە سالىدىغان
ۋە ئاخىرىدا مېنى ئۆلتۈرىدىغان نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بىرى

3
ناتونۇش سۇ بىلەن لىق تولغان تۇزلۇق كۆلگە
ئاسماندىن سۇ ئىچكىلى چۈشكەن ئەركەك بۇلۇتنىڭ
ئۇدۇل يۈزىدە گۈزەل بىر ھەرپنى كۆردۈم:
ا
ۋە تۇسالغۇسىز ئارىلىق ماڭا شۇنى ئايان قىلدىكى
ئۇ ۋاقتى ئۆتكەن بىر ۋەھىينىڭ تۇنجى تاۋۇشى ئىدى

4
ئەي، دۇنيانىڭ نۇرى ۋە تۇزى بولغان سىلەر

ماڭا دەپ بېرىڭلارچۇ
ئاشۇ ئۇنتۇلغان ۋەھىيدە نېمە دېيىلگەن بولغىيتتى؟

5
ئەگەر مەن بىر ئېيىق بولسام
ئاشۇ ۋەھىيدىكى تەشۇىشكە چۆمگەن ئېيىق

2016 - يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

## سۇرۇشتۇرۇلگۈچى

تار قىسلاچلاردىن قىسىلىپ ئۆتىمەن
كۆزۈم كەينىمدە قالمىدى، دەيمەن
تولا ئۆتتۈۋېرىپ تېنىم ياپىلاق بولدۇ
سۆڭىكىم سىرتىمدا قالمىدى، دەيمەن
بېشىم پاتسا ھەممە يېرىم پاتىدۇ، دەپ
ئىشەنچ بىلەن بېشىمنى تىقىمەن
بېشىم سوزۇنچاق، ماڭلىيىم تار
چېچىم شالاڭ، بۇرنۇم پاناق بولدۇ
جېنىم ئالقىنىمدىن چىقىپ كەتمىدى، دەيمەن
يول بويى ئىستولبىلارنى ساناپ ماڭىمەن
كوچىدىكى يول چىراغلىرىنى قارىغا ئالىمەن
كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە نېمىش قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىمەن
دوقمۇشتا توختاپ
مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى سېلىشتۇرىمەن
ھېساب تېخى بوغۇلماي تۇرۇپلا
ئۆزۈمنىڭ ئۇنتۇلغىنىمنى ھېس قىلىمەن
ئاندىن
سۇرۇشتۇرۇلىمەن
سۇرۇشتۇرۇلگەنلىكىمنى ئاڭلىغاندا
ھاياتىمدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى
تېز سۇرئەتتە بېھۇدىلا ئويلاپ چىقىمەن
ياكى ھاياجانلىنىمەن
ياكى ۋەھىمىگە چۈشىمەن

2016 ـ يىلى يانىۋار، ئۈرۈمچى

## سىر

ئۇ گويا ھاۋاغا ئوخشاش
مېنىڭ سىرتىمدا
مەن ئۇنىڭ ئىچىدە
ئۇنىڭسىز بىر دەقىقە ياشىيالمايمەن

ئۇ گوياكى قانغا ئوخشاش
مېنىڭ ئىچىمدە
مەن ئۇنىڭ سىرتىدا
ئۇنىڭسىز سەن بىلەن تالىشالمايمەن

مېنىڭ تۇنجۇقۇپ تېپىرلىغىنىمنى
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن جان تالاشقىنىمنى
كۆرگۈڭ كېلەمدۇ
ئويلامسەن
ئۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ بولاتتى دەپ
سىرىنى بىلسەملا
سىرىنى بىلسەملا

ئەجەبا
ھېچقانداق سىرىمنىڭ يوقلۇقى
ساڭا ئايان ئەمەسمۇ
شۇنچە تىرىشقىنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى
سەندىن ئۇنى تالىشىۋېرىپ يۈرىكىم تالدى
بوپتۇ ئال
ئۇ سېنىڭ
ئۇ سېنىڭ

2016 - يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# قونۇش

گۆگۈمدىن تۆرەلگەن ئەقىللىك ئەما قۇشتەك
زۇلمەت كېچىنى مىڭ تەستە ئېزىقتۇرۇپ
ئۇچۇپ كېلىپ ئەۋرىشىم ئۇستۇڭگە قوندۇم
سەن قوللىرىڭنى سىلكىپ مېنى ھەيدىدىڭ:
— نېرى كەت، ئەمدى سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق

مەن بەك يىراقتىن كەلدىم، مەن بەك بۇرۇندىن كەلدىم
سەن مېنى سىنچىلاپ كۆر، كەينىڭدىكى شولىغىلا قارىما
مەن تاڭ ئاتقاندا قايتماقچى، تاڭ تەڭرىنىڭ قېشىغا كەتمەكچى
ئۆزۈمنىڭ پەرۋاسىزلىقىمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ
سېنىڭ يۇمشاق باغرىڭدەك ئۇيۇقغا يەتمەكچى

پەرۋاسىز كۆرۈنىدىغان بۇ بىمەھەل قونغۇچىنىڭ
ئىچىگە زەھەر سېلىنغان مەخپىي يالغان چىشى بار
خام خىيال كېسىلىگە گىرىپتار بولغان قاتتىق بېشى بار
ئۇپرىغان بۇرما مىختەك ئەنسىز مىجەزى بار
چىۋىنىنىڭ بىر قانىتىنى ھەسەل، بىر قانىتىنى زەھەر
دەپ ئويلايدىغان ئەقىدىسى بار
مېنى بىچارە بولۇۋالغان قان قۇسقۇر كاككۇك دەپ تىللايدىغان
زاكونى بار
مانا ئۇ ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرنىڭ ئۇستىگە ھېچ دەخلىسىز قونالايدۇ
ھەتتا زۇلمەت كېچە قاراپ تۇرسىمۇ

سېنىڭ كۆزۈڭ بىلەن زۇلمەت كېچىنىڭ كۆزى
ئەمەلىيەتتە بىر كۆز ئەمەستۇ؟

2016 - يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

## كۆيۈكنىڭ پۇرىقى

نۇرغۇن يىللار بۇرۇن
كىشىلەرنىڭ چۈشى بىلەن ئالاقىسىز بىر كېچىدە
مېۋىلىك دەرەخلىرى يوق كەنتنىڭ سىرتىدىكى
يانتاق چېچەكلىرى يوشۇرۇن ئېچىلىدىغان قۇملۇقتا
بىر قوتانغا ئوت كەتكەن
ناھايىتى كۆپ ئۆچكە تىرىك پېتى كۆيۈپ كەتكەن
ئەنسىز تاڭ سەھەردە
كەنتتىكى بىغەم ئادەملەر قوتانغا جان - جەھلى بىلەن
يۈگۈرۈپ بېرىشىپ
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان
مالچى تۇدەك تاز ئۆزىنى كاچاتلاپ ھۆڭرەپ يىغلىغان
ئىككىلەنگەن كىشىلەر كۆيۈپ كەتكەن ئۆچكە گۆشىنىڭ
ھالال ياكى ھاراملىقىنى تالاش - تارتىش قىلىشقان
ئاچ كۆز باللار ئۆچكىلەرنىڭ ئېتىلىپ چىققان بۆرەكلىرىنى تېرىپ
يېگەن
ئۆلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم
ئوڭ قولۇمدا بىر سىقىم قۇم
سول قولۇمدا كۆيگەن بىر بۆرەك

شۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى
شۇنچە يىللاردىن بۇيان
دائىم چۈشۈمگە كىرىدۇ
ئاۋۋال
مەن كۆرمىگەن يالقۇن
ئۇنىڭ كەينىدە
ئۆچكىلەرنىڭ مەن ئاڭلىمىغان ئېچىنىشلىق مەرەشلىرى
ئۇنىڭمۇ كەينىدە

ئېتىلىپ كەتكەن قاپقارا بوّرەكلەر
لېكىن ھەممىدىن ئېنىقى ــــ پۇراق
كۆيۈكنىڭ پۇرىقى
بۇ پۇراق مېڭەمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورناپ كەتكەن
خۇددى تەقدىرىم پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەندەك
شۇنچە يىللاردىن بۇيان
ئوڭ قولۇمنى تولا ئاچتىم
ئالقىنىمدىكى قۇملار پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ بولدى
لېكىن ئاشۇ پۇراقنى تەسۋىرلەپ بولالمىدىم
كىشىلەرگە ئۇ پۇراقنى بىر پۇراتسام دېدىم
شۇنداق قىلالىسام
شۇ پۇراقنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم
شۇنداق قىلالىسام
ئاشۇ چۈشنى قايتا كۆرمەيتتىم

ئاشۇ ئوتنى قويغان ئادەم
ئالتە ياشلىق مەن ياخشى كۆرىدىغان
يەتتە ياشلىق قىزنىڭ دادىسى ئىدى
بۇ ئىشنى تا ھازىرغىچە
شۇ قىز بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا
ھېچكىم بىلمەيدۇ
خۇددى يانتاق چېچەكنىڭ ئېچىلغىنىنى
ھېچكىم كۆرمىگەندەك

2016 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

## ئەپلاتونچە مۇھەببەت

بىز مۇھەببەتنى نېمىگە ئوخشىتىپ كەلدۇق؟
ئوتقا، گۈلگە، شارابقا، دېڭىزغا.
يەنچۇ؟
تۈگىدى.
لېكىن، مۇھەببەتنى يەنە مۇنداق نەرسىلەرگە ئوخشاتقىلىمۇ بولامدۇ:
بىر قىزنىڭ ماڭا دېمەكچى بولغان
ئەمما دېيەلمىگەن ھېكايىسىگە.
بىر يىگىتنىڭ ئاشۇ ھېكايىدە:
مەن ئۇنى سۆيدۇم،
ئەمدى بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ نەتىجىسىنى
كۈتىمەن، دېگەن خىيالىغا.
قىزنىڭ بارا - بارا كۈچىيىۋاتقان پەرىزدىكى خامۇشلۇق كېسىلىگە.
ئوغۇلنىڭ ئىچىدىن چوقۇم چىقىپ كېتىشى كېرەك بولغان سۆيۈملۈققا.
بۇ قىز - يىگىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
چاكىنا ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقى بولغان
ئەمما تولىمۇ زۆرۈر پۇلغا.
قىزنىڭ: ئۇ مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمنى
مېنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالارمۇ،
دەيدىغان ئەندىشىسىگە.
ئوغۇلنىڭ ناھايىتى تېز ئۇسۇپ كېتىدىغان گۇناھكار ساقال - بۇرۇتىغا.
ھەتتا مېنىڭ بۇرنۇمدىن يات - يات ئاقىدىغان
ۋە تۇرۇبا سۈيىنى قورقىتىدىغان قانغا.

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئايرىلىش

كوچا .
كونا توك سىملىرى بىلەن چىرمالغان
يالىڭاچ دەرەخلەر مۇگدەشكە باشلىغانىدى
ئىشىك بىزنى قەھرىتان تالاغا ئۇزىتىپ قويدى
ئىشىك ئالدىدا
قارىمۇقارشى ئىككى يۆنىلىش
تىترىگەن ھالدا بىزنى ساقلاۋاتاتتى
قارايى يوق بۇ خوشلىشىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە
ئىككىمىزنىڭ بىر ئادەم ئەمەسلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ نېمىمۇ قىلارمىز؟

كوچا .
بىر - بىرىمىزگە تەھدىت بولغانچە يىراقلايمىز
مەن كەينىچىلاپ ماڭماي تۇرۇپمۇ
پەلتويۇڭنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىشتىن ۋاز كەچكىنىڭنى
كۆز يېشىڭ بىلەن بۇ دۇنيانى خىرەلەشتۈرۈشتىن ۋاز كەچكىنىڭنى
ئۆزۈڭنى يەنە بىر قېتىم ئۈجۈقتۇرماقچى بولغىنىڭدىن ۋاز كەچكىنىڭنى
شۇڭا ، دەرەخلەرنىڭ سەگەكلىشىپ
غاراسلاپ ئېگىلىپ كەتكىنىنى كۆرەلەيمەن

كوچا .
پات ئارىدا بىر ئىش بولىدۇ
چوقۇم بىر ئىش بولىدۇ ، دەپ
بىز ئاشۇ ئىشىككىچە بىللە مېڭىپ كەلگەنىدۇق
لېكىن ئۇ ئىش بولمىدى ، بەلكىم بولۇۋاتقاندۇ
ساڭا ھېچقانداق ئۇلاجىم يوق ئىدىكى
ساڭا قانداق ئېرىشىشنىمۇ بىلەلمىدىم
سېنى قانداق يوقىتىشنىمۇ ھەم

كوچا.
كېتىۋاتقان ئىككى سايىنى كۆرۈپ
ئۇلار بۈگۈن كېچە چوقۇم بىر - بىرىنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ
لېكىن ئىككىسى ئىككى ئادەم، دەپ ئويلىدىم
ئۇلار ئاشىق - مەشۇق بولسۇن ياكى بولمىسۇن

كوچا.
كىشىلەر دۈگدىيىپ ئۆيىگە ماڭغان مۇشۇ كېچىدە
تىرىشىپ تىك تۇرۇۋاتقان يالىڭاچ دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم
كونا توك سىملىرى پاراسلاپ ئۈزۈلۈۋاتاتتى

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# يامغۇر تىلەش

باياۋاندا
يول ياسىغۇچى ئىشچىلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ
تىك چۈشكەن زەھەرلىك ئاپتاپ
ئۇلارنىڭ ئاجىز سايىسىنى يوقىتىدۇ
مۇزدەك پېشانىسىنى يورۇتىدۇ

ئاياللارنىڭ توزۇپ تۇرغان ياغلىقى
قۇرغاق شامالنى ئۈنتۈپ كەتكەن
ئەرلەرنىڭ ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرى
ھەر تەرەپكە پارچە - پارچە قارىغان

(بوغۇزلانغان مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى
قىزىلقى يوقالغان پىلاستىك خالتىلار
شېغىلنى تىرىلدۈرگۈچى پارچە نانلار
ئوتتا ياتقان قانلىق گۆرجەكلەر...
بۇلارنىڭ ھەممىسى نەزىر بۇيۇملىرى)

ئۇلارنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى تاشنىڭ مۇزىكىسى
ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقىنى دېڭىزنىڭ ئۇسسۇلى
لېكىن ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ
چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن زېھنى
ھەربىر قەدەمنى قانداق ئېلىشتا

2016 - يىلى 9 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

## سەيياھ

ھەرقانداق سۈنىڭ
ھەرقانداق شامالنىڭ
ھەرقانداق بۇلۇتنىڭ
مەنبەسى، مۇساپىسى، مەنزىلى بار
ئۇلار سەن بارغان يەرلەرگە بارالمايدۇ
ئۇلارنى ئۇچقۇر دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا تاش

ھەرقانداق ئاۋازنىڭ
ھەرقانداق نۇرنىڭ
ھەرقانداق پۇراقنىڭ
باشلىنىشى، جەريانى، ئاخىرى بار
ئۇلار سەن بارغان يەرلەرگە بارالمايدۇ
ئۇلارنى ئۆتكۈر دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا تاش

ھەرقانداق ھەسرەتنىڭ
ھەرقانداق مۇھەببەتنىڭ
ھەرقانداق گۈزەللىكنىڭ
تۇغۇمى، ھاياتى، ماماتى بار
ئۇلار سەن بارغان يەرلەرگە ھەرگىز بارالمايدۇ
ئۇلارنى سەزگۈر دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا تاش - تۇپراق!

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئاز ۋە كۆپ

بىلىمەيسىلەر
ھەممە ۋەھىمە كۆپتىن كېلىدۇ
ئىشەنمىسەڭلار
«كۆپ، كۆپ، كۆپ» دەپ توۋلاپ بېقىڭلار
لەۋلىرىڭلار پۈرۈلگەندە
يۈرىكىڭلار ئاغىدۇ
نەپەس ئېغىزىڭلاردىن ئېتىلىپ چىققاندا
پۇت - قولۇڭلار تىترەيدۇ
بۇ ئاۋازىڭلارنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ
چىرايىدا قان قالمايدۇ!

نەسلى قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان قىممەتلىك ھايۋانلار
ساناق سانىيالمايدىغان غەلىتە قۇرت - قوڭغۇزلار
چۈشىمىزگىلا كىرىدىغان تېپىلغۇسىز دەرەخلەر
رىۋايەتلەردىكى بىباھا قۇشلار
كەم ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتاللار
ئاز بىلەن كۆپنىڭ پەرقىنى قانداق بىلسۇن؟
ئۇلار ئۈمىدۋارلىقىنىمۇ بەتتەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ
پەرۋاسىز ھالدا ئازىيىپ تۈگەيدۇ

دۇنيانى تۇتۇپ تۇرغىنى كۆپلۈك قوشۇمچىسىدۇر
دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى ئىپادىلەيدىغىنى كۆپ چېكىتتۇر
ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغىنى كۆپىيىش سىستېمىسىدۇر

لېكىن بىلىپ قويۇڭلار :
كۆز يەتمەس دېڭىزدىكى سۇ بېلىقنى قىينايدۇ
چەكسىز چۆل - باياۋان كەسلەنچۈكنى قىينايدۇ

بەھەيۋەت تاغۇ داۋان چاقچاقنى قىينايدۇ
يەتتە قات ئاسمان قۇشقاچنى قىينايدۇ

تەكرارلايمەن
ئۈك قۇلاق، سول قۇلاق، ئوبدان ئاڭلاڭلار
ھەممە ئازاب ئازغا كېلىدۇ
ئىشەنمىسەڭلار
«ئاز، ئاز، ئاز» دەپ پىچىرلاپ بېقىڭلار

2016 ـ يىلى فېۋرال ئۈرۈمچى

## پوسۇلكا توشۇغۇچى

ۋىرجىنىيە ئىشتاتى يەر شارىدا ئەمەس.

ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن يارالغىنىنى بىلمەيدىغان دەرەخلەر،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
ئالۋاستىلارنى ياندىاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان باتۇر يوللار.
خۇددى ئەركىنلىكتەك
پات - پات ئۇچراپ قالىدىغان ھاۋاقتى تىيىنلار.
يەنە گۇماندىنمۇ بەكرەك قۇتراپ تۇرىدىغان
قۇيىرۇقلۇق تۇمان.
گۈزەل دەپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق غەم بىلەن
بېقىپ سەمرىتىلىدىغان ئاسمان.
بەلكىم يەنە كۈندۈزى ئۇخلاپ،
كېچىسى ئويغىنىدىغان ئۆزۈن بىر كۆۋرۈكمۇ بار.

ئۇ ھەر كۈنى ماشىنا بىلەن نامەلۇم پوسۇلكىلارنى
نامەلۇم ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە توشۇيدۇ.
كۈندە ئازراقتىن سىلجىيدىغان
يېڭى - يېڭى ئادرېسلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ.
ماشىنا ھەيدىگەچ ئۆز - ئۆزىگە
قىرىق بىر يالغان چۆچىكىنى سۆزلەيدۇ.
باشقىلارغا دېيەلمەيدىغان گەپلىرىنى
ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئۆزى پىچىرلايدۇ.
رولنى قاماللىغان قوللىرىدا
ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن
ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنى يارغۇسى كېلىدۇ.

باشقا ئىشلىرى نامەلۇم،
چۈنكى ۋىرجىنىيە ئىشتاتى يەر شارىدا ئەمەس.

ناتونۇش يەرلەرنى تونۇش يەرلەرگە ئايلاندۇرۇشنىڭ
ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى نېمە، دەپ سورىسام،
ئۆز يۇرتىغا ھەرگىز قايتماسلىق،
ئاندىن ئۇنى توختىماي سېغىنىش،
ئاندىن تاكى قىيامەتكىچە پوسۇلكا توشۇش، دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىدىم،
چۈنكى ۋىرجىنىيە ئىشتاتى يەر شارىدا ئەمەس.

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئاسىنا

گۆشۈمنىڭ بىر پارچىسى
ئۈزۈپ ئېلىنغان
سۆڭىكىمنىڭ بىر پارچىسى
سۇندۇرۇۋېلىنغان
جېنىمنىڭ بىر پارچىسى
كۆچۈرۈۋېلىنغان
ئىدىيەمنىڭ بىر پارچىسى
مۇستەقىل بولغان

ئورۇق قوللىرىدا
ۋاقىتنىڭ سىزىقلىرى يوغىنايدۇ
قاپقارا كۆزلىرىدە
تاش پۈتۈكلەرنىڭ مەنىلىرى لەيلەيدۇ
ئىنچىكە بويىندا
بىر تال زۇلمەت قىلى چىگىلىدۇ
قارامتۇل تېرىسىدە
مېۋىلەرنىڭ خەرىتىسى سىزىلىدۇ

ئۇ —
مەڭزىمگە چۈشكەن بىر تامچە يامغۇر، سۇزۇكلۈكىدىن
كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدىغان كەلگۈسۈم كەبى
ئۇ —
يېشىلىشى بىھاجەت تۈگۈن
ئاسماندىن ئېقىپ چۈشكەن قېنىمنىڭ فورمۇلاسىدەك
تارىختىن سىرغىپ چىققان بېشارەت

ئۇ —
قەبرەمدىكى تاشنى سۆيگۈچى
جەستىمنى بىسىپ تۇرغان
مىنى ئاڭا ئامانەت قويۇپ
ئۇ —
بەختسىز بىر ئەپسۇن
مىنى ياراتقۇچىغا ئايلاندۇرغان
ھەم يارالمىشمنى داۋاملاشتۇرغان

ئۇ — مىنىڭ قىزىم

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

## هالقىش پەيتى

قاراڭغۇ كۆكسۇمنى ھەجىلەپ ئوقۇغۇچى سۇبھى
بۇگۇنكى چېسلانى پەلەمپەيگە ئايلاندۇردى.
ئۇ ئىشلەتكەن پىچاق چۇشۇمدىن ئاشقان يورۇقلۇق ئىدى.
ئويغىنىڭلار.
ھالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

كېچىچە يالغۇز ئۇخلىغان بىر توپ زىمىستان دەرىخى
خۇددى يالغۇز يېتىپ پاچىقىنى پاچىقىغا سۇركەپ
پاچىقىنىڭ توكى چۇشۇپ كەتكەن سەتەڭ چوكاندەك
كىرپىكىگە ئىلىنىشىپ قالغان خىياللارنى
يورۇققا تۇتۇپ قارىدى.
تۇرۇڭلار.
ھالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

رېئاللىققا يۈزلىنىشى كېرەك مىڭ ياشلىق مەدداھنىڭ
گەپلىرى ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭغا يېتىشىپ ماڭالمىدى.
كوچىلار ۋە ئادەملەر ئاغزىنى ئېچىپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇشاتتى.
مېڭىڭلار.
ھالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

ئۇنتۇش ـــ ئەسكە ئالالماسلىقلا ئەمەس.
ئۆلۈممۇ بىزنى قۇتۇلدۇرالىشى ناتايىن.
بىزنى ئەسلىمەسلىككە مەجبۇرلاۋاتقان نەرسە نېمە؟
بارچە دەردنى راستىنلا ھايات قالغۇچىلار تارتامدۇ؟
ئويلاڭلار.
ھالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

ئىشىك ئالدىدا قالغان بىر پارچە يوچۇن تۆمۈر زاۋالدا كىچىكلىدى،
هاردۇقۇم چىقىپ بولغاندا ئۇنى سۈرتۈۋالىمەن.
ھەممە جانلىق ۋە جانسىزلار قايتىپ كەلدى.
چېسلا قىسقىرىدى. ئورۇنلار قىستالدى.
ئولتۇرۇشلار.
هالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

شەپەق ئەمدى خىياللىرىمىزنى يۈزىمىزگە يايدى.
يېنىمىز يەر تارتىپ تۇراتتى. ئۇھ دېدۇق.
قۇياشنىڭ غېرىب پېتى قالغانلىقىنى ئۇنتۇۋەتتۇق.
يەنە بىر كۈن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتى، دېدۇق.
ئۇخلاشلار.
هالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى.

كېچە سۆلىرى يامراشقا باشلىدى.
بىز بېلىق قارنىدا ئۇخلىدۇق.
مەرۋايىتلارغا قولىمىز يەتكەندە،
مەن بىزنىڭ چۈشىمىزدىن يېنىپ چىقىپ سۆيگىنىمنى ئىزدىدىم.
چۈشەكەشلار.
هالقىش پەيتى يېتىپ كەلدى...

بىز مۇشۇنداق هالقىيالىمىدۇق،
يەنە شۇ ئۆز ئېگىزلىكىمىزدە ئىدۇق. پاكار كېچىدە.
ئاغزىمىزنى چوڭ ئېچىپ تورۇسقا قارىغانچە
هالقىشنىڭ كېيىنكى پەيتلىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدۇق.
شەكسىزكى، تاڭ ئاتقاندا، سۈبھى قاراڭغۇ كۆكسىمىزنى يەنە يورۇتىدۇ.

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

## سىلەرگە ناتونۇش يەر

بۇ يەردە ئەسلىدە يوقۇملۇق ئىسىملار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.
بۇ يەردە ئەسلىدە يىلتىزلىق قۇملار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.
بۇ يەردە ئەسلىدە تېمىپ تۇرىدىغان ۋاقىتلار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.
بۇ يەردە ئەسلىدە كۆپىيىدىغان يالغۇزلۇقلار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.
بۇ يەردە ئەسلىدە مىڭ كۆزلۈك ئاسمانلار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.
بۇ يەردە ئەسلىدە سەرگەردان ئۇنتۇشلار يوق ئىدى،
بىز بار دېدۇق، بار بولدى.

ئەمما بىز ھېچ نەرسىنى يوق ئىدى دەپ يوق قىلالمىدۇق،
ھەتتا بار قىلغانلىرىمىزنىمۇ.

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

## تەرجىمان

ــ دىلمۇرات مۇتەللىپكە

بىردەم ئۇخلىۋالسام بولاتتى
بىر سۆزنىڭ ھەر خىل مەنىسىنى
ئۇستىلىمدە قالدۇرۇپ
ياكى
ھەر خىل سۆزنىڭ بىر مەنىسىنى
ياستۇقۇمغا باستۇرۇپ
بەلكىم
چۈشۈمدە
بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۆرە تۇرغان
ناتونۇش ئىككى ئادەم ئارىسىدا
توختىماي مېڭىپ يۈرەتتىم

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## سەھەر مەرسىيەسى

مەن ئىككى جىنىم ئارىسىدا تۇراتتىم.
ۋاقىت باشلانمىدى ياكى ئاخىرلاشمىدى،
بەلكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ــــ
خىرە بىر پاسىلدا ئىدىم.
ئۇنىڭ مەندىن ئۆتتۈۋاتقىنىنى سەزمەكتىمەن.
ئۇ مېنى قوچاقلاپ، نوقۇپ، سۆيۈپ، سىلاپ،
تاتىلاپ ۋە مەندە بىرئاز توختاپ،
قىيالىماسلىق بىلەن ئۈمچىيىپ ئۆتمەكتە،
ئارقا ـ ئارقىدىن، تۈگىمەستىن.
ئۇ بىر ئۇستا سېھىرگەركى،
سەھەرنى ئويغىتىدىغان يۇلتۇزلارنى شۇ پەيدا قىلغان،
قۇياشنى ئۇششاق پارچىلاپ ئاسمانغا چېچىۋەتكەن.
مەن بىر ئەخمەق، بىر قول، باغرى يۇمشاق،
ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىمەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن
ھەم بۇنى ئېتىقاد دەپ ئاتايمەن.
يۇلتۇزلار بىر ـ بىرلەپ چېكىندى،
ئەمدى ئۇلار قۇياشقا قايتىدۇ.
ئىلاھىي قۇشلار قاراڭغۇلۇقنى چوقۇپ ھەيدەۋاتاتتى.
ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ئۆزئارا تېگىشكەندە چاقنايتتى.
قۇشلارنىڭ قۇشلارچە ھاياتى بار،
سەھەرنىڭ سەھەرچە تەقدىرى بولغانداك.
ئۇلارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم،
يېقىنلا يەردە ئىدى.
لېكىن كۆل رەڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىسىز ئىدى.
ئۇنىڭ ئۇنسىزلىكىنى ئۇبدان زەن سالمىسا ئاڭلىغىلى بولمايتتى.
ئۇ شۇ قەدەر قويۇق ھەم خۇنۇك ئىدىكى،
مەن ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا

شۇ تاپتىكى جانانىمدىن ئەنسىرەپ،
يۈرىكىم قۇشتەك تېپىرلىدى.
ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتقان زېمىن ئاستا تولغاندى.
مەن بېشىمنىڭ لەززەتلىك قېيىۋاتقانلىقىنى،
ئۆزۈمنىڭ ئىككى جان ئارىسىدا راھەتلىنىۋاتقىنىمنى سەزدىم.
ھازىرقى ئىككى جېنىم ئادەتتىكى بىر جاندەك
مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى.
شۇنداقتىمۇ بېشىم قېيىۋاتاتتى،
ئىككى قولۇم بىلەن ئۇپۇقنى چىڭ تۇتۇۋالغۇم كېلەتتى.
تېنىم ئەينەك ئىدىكى، ئىچىمدىكى سەھەرلەر جىرىڭلايتتى.
بېشىمنى قايدۇرغىنى،
ۋىسالغا يەتكۈزگىنى،
جېنىمنى ئىككى قىلغىنى،
شۇلار ئىدى.

مېنىڭ كۆل رەڭ كۆپۈكلىرىم
ئوتتىن سولغا سۈرۈلۈۋاتاتتى.
داغلىق كۆپۈكلەر ـــــ دۇغلانغان كۆزلەر ئىدى.
ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە
تەنىنىڭ ھەسەن - ھۈسىنى بىلەن
ۋاقىت قۇياشى تەڭلا پارلىماقچى بولۇۋاتاتتى.
ئەي، بىر كۈنلۈك ئۆمۈمىي خورغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلار،
ئەي، مۇقەددەس كوللېكتىپ،
كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىڭلار،
مەن چۈش كۆرمەيدىغان سەھەردىن قاچان قۇتۇلىمەن؟!

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# شەنبىدىكى لوگىكا

ئەر سافادا ئولتۇرۇپ ھاۋادىكى ھېسسىيات دانچىلىرىنى ساناۋاتاتتى،
سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن.
دانچىلار ھەرىكەتچان ئىدى، سەپرا ئىدى.
ئۇ سانايتتى، ئېزىپ كېتەتتى، يەنە قايتا سانايتتى.
شىرە ئۈستىدىكى مېۋىلەر نازۇك ھەم جىمجىت ئىدى.
تالادا دۇنيا ئاتلىق قېرى پالچى پات - پات تولۇۋالايتتى:
—— پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە!
ئايال ئەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى،
ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىنى توسۇپ.
ھامىلە قىردۇرۇشنىڭ گېپى ئوتتۇرىدا توختىدى.
ياخشى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن
يامان سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى تىركىشىۋاتاتتى.
ئەرنىڭ كۆزى دەل ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلەتتى.
ئەر دېدى: ئەمدى ھاۋا سوۋۇپ كېتىدۇ.
ئايال دېدى: ھەممە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بار.
شۇ چاغدا ئايال كۆردىكى
ئەرنىڭ ئاغزىغا قوقاق چىقىشقا باشلىدى.
تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ تۇخۇم يېگۈسى كەلدى.
—— پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە!

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# كۆز

قۇملۇقتا تولا مېڭىپ زېرىككەن دەريا
دېڭىزنىڭ كېڭىيىپ يېنىغا كېلىشىنى
ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ كۈتمەكچى بولۇپ
سۈيىنى يېيىتتى ۋە كىچىك ئېقىنلارغا ئايرىدى

لېكىن سۇ يىراقتا قالغان قارلىق تاغنى
ئۇنىڭدىكى قار ۋە مۇزلارنى سېغىنغانىدى
ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتكۈسى كېلىپ
ئارقىسىغا يانماقچى بولدى

شۇنىڭ بىلەن شارقىراتمىلار پەيدا بولدى
دولقۇنلارنىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈلدى
سۇدىن ئۆتكۈچىلەر بىلەن سۇدا ئۆلگۈچىلەرنىڭ
سانى تەڭلىشىپ قالدى

بىرمۇنچە تۇپراق بېلىقلارغا ئايلاندى
سۇ ئاستىدا قالغان تاشلاردا
سېغىنىشنىڭ قومۇشلىرى ئۆسۈپ چىقتى
قىرغاقتىكى توغراقلارنىڭ چىرايى ھەسرەتتىن سارغايدى

ئاخىر
چىداپ بولالمىغان دەريا
ئۆز ئىچىدىكى سۇغا دېدى:
—— سەن نېمانچە شەخسىيەتچى
مېنىڭ توڭلاشقا باشلىغىنىمنى سەزمىدىڭمۇ؟

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# ۋەھىمە

يۇختا، ئىتتىك، ئازراقمۇ ئۇيۇرىمىغان،
كېسەلدىن يېڭى ساقايغان چوكاننىڭ چىرايىدەك.
قىرلىق، سىزىقلىق، يۆنىلىشلىك،
سەپەردىن ئەمدى قايتىپ كەلگەن ئەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدەك.

كۆكتات توغرىسىمۇ بولىدۇ.
مېۋە ئاقلىسىمۇ بولىدۇ.
قوي بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ.
گۆش پارچىلىسىمۇ بولىدۇ.
قۇلاقنى كەسسىمۇ بولىدۇ.
كۆكرەككە تىقسىمۇ بولىدۇ.
شۇ قەدەر مۇكەممەلكى،
راستلىقى شۇبھە قوزغايدۇ.
ئادەمنىڭ تۇتۇپ باققۇسى،
ئۆتكۈر بىسىنى باش بارماق بىلەن سىناپ باققۇسى كېلىدۇ.

چۈشتىن بۇرۇن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالىدۇ.
چۈشتىن كېيىن سىنئەينەكتەك ئاۋاز چىقىرىدۇ.
كېچىدە يوشۇرۇنمايلا ئاتلىنىشقا تەييار تۇرىدۇ.

ئاددىي.
قىپيالىڭاچ.
ئەنە ئاۋۇ يەردە.
ئۆلتۈرگۈچى ئەمەس،
بەلكى ئۆلۈمنى تۇيۇقسىز ئەسكە سالغۇچى.

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# ئوپېرانىڭ مۇقەددىمىسى

ھەر قېتىم ياۋا قوتازلار تاغدىن چۈشكەندە
جىلغىدىكى مەھەللىدە
«قوتاز چۈشتى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ
كىشىلەر دەرھال ئۆيلىرىگە كىرىپ
ئىشىكلىرىنى تاقىۋالىدۇ

ئۇلار قوتازلارنىڭ
ئاياغ تىۋىشلىرىنىڭ قارا يامغۇردەك شارقىرىغىنىنى
تىنىقلىرىنىڭ زەھەرلىك يىلانلاردەك كۈشۈلدىگىنىنى
تۈكلىرىنىڭ شامالدىكى شەمشەرلەردەك ۋىشىلدىغىنىنى
ئاڭلاپ تۇرىدۇ
لېكىن ھېچكىممۇ دېرىزىلەردىن ياكى يوچۇقلاردىن سىرتقا قاراشقا
پېتىنالمايدۇ

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم شۇنداق خىيال قىلىدۇ:
كۆزلىرىگە قان تولغان ۋەھشىي بىر ياۋا قوتاز
ھجايغان ھالدا ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرسە
مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ
تالاغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتسەم

سىرتتىن كەلگەن
بېشىدىن ناھايىتى جىق ئىش ئۆتكەن ئادەممۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ
ئۇ تاغ ئۈستىگە قاراپ قويۇپ
قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ
مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىدۇ:

«شۇنچە چوڭ تاغقا پاتمىغان ئاشۇ ياۋا قوتازلار
شەيتانمۇ پاتمايدىغان مۇشۇ كىچىك ئىشكىڭلارغا قانداق پاتىدۇ؟
خىياللىرىڭلاردىن ئۆرگۈلەي
ئىشكىلىرىڭلاردىن چۆرگۈلەي...»
(شۇنىڭ بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ)

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ

1

كەچ سائەت ئالتىدىكى قىرلىق كۆزئەينەكلىرى
چېقىلىپ كەتتى
ئۇلار ئۆرۈك ياغىچىدىن
يەتتە دانە چىراغ ياسىماقچى ئىدى

2

كاللىسىنى ئاق يىلتىزلار چىرمىۋالغان ئەر
ئەتراپقا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى
ئەمما ئاۋاز چىققان تەرەپنى تاپالمىدى

3

بىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئادىتىمىز بويىچە
شىرەگە تارىخنىڭ قارا گۆشىدە قىلىنغان
زىخلىق كاۋاپلارنى تىزىپ قويۇپ
ئەمدىلا يەيلى دەپ تۇرغانىدۇق
دېرىزە ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ
چۇۋۇلۇۋاتقان تالاغا قارىدۇق

4

جىگەر رەڭ چامادان كۆتۈرۈۋالغان ۋىجىك بوۋاي
ئاخىرقى سوئال - سوراق كۈنى ئۆتۈپ كەتكەندەك
ئالدىرىماي ماڭاتتى
چامادانىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىغا
چۆچۈپ كەتكەن ۋە مېڭىشتىن توختىغان ھەممە ئادەم قىزىقاتتى

5

يېقىندىن بۇيان، شەھەردىمۇ
زاۋالدا چىللايدىغان خورازلار ئاۋۇپ كەتكەنىدى
ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولالمايتتۇق
ئۇلاردىن بىرى يەنە چىللىدى

6

راستتىنلا يامان بولغانىدى
گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ
كېچىدە قولىمىزنىلا يورۇتىدىغان ياغاچ چىراغ
ئەمدى ياسالمايتتى

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# توپا ئادەم

باش باھارنىڭ توپىسىدىن تۆرەلگەن ئادەم
(ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس)
دۇنيانىڭ رەڭگىنى يالغۇز يەپ تۈگەتكەندى
ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسىدە ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ
خۇدانىڭ نامى بىلەن ئىشنى باشلايتتى

ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى : تۇتاتتى
بەزىدە ساپالغا ئايلىنىپ كەتكەن ئوڭ قولى بىلەن
تورۇپ تۇرىدىغان سول قولىنى
بەزىدە گۆش بىلەن سۆڭەكتىن پۈتكەن ئادەملەرنىڭ يوتىسىنى
بەزىدە دەريا بويىدا ئۇخلاۋاتقان كۈچلۈك پەرىشتىلەرنىڭ قۇيرۇقىنى
بەزىدە ئىدىيەلەر ھاۋادا قالدۇرغان ئۆچمەس داغلارنى

لېكىن ئۇ ئالدىراڭغۇ ئەمەس ئىدى
(بۇ جەھەتتىمۇ بىزگە ئوخشمايتتى)
ھېرىپ قالغاندا
بىر پۈتىنى ئېقىن سۇغا ئارتىپ قويۇپ
بىزنىڭ تەتۈر يېزىلغان شەجەرىمىزنى ئوڭ ئوقۇغاچ
كۈلۈپ ياتاتتى
ھەر يىلى ئۇخلاشتىن بۇرۇن
بەدىنىگە جان ساقلاش چىمى تېرىيتتى
(ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قۇۋ ئىدى)

ئۇ يېگانە ئىدى
ئۇنىڭ كۆزى پارلاق قۇياشنىڭ ئەتراپىدىكى
ئەڭ قاراڭغۇ يەرلەرنىمۇ كۆرەلەيتتى

ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى : توختىماي تۆتاتتى
ئۇ بىر ھەرىكەتنى ئەنە شۇنداق تەكرارلاۋېرىش ئارقىلىق
ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان مۇددىئاسىغا يەتمەكچى ئىدى
(بۇ جەھەتتە ئۇ بىزگە تامامەن ئوخشايتتى)

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# ئېستېتىك ھارغىنلىق

ئوڭ تەرىپىمدىن سول تەرىپىم گۈزەل دېگۈچىلەر
ئارقا تەرىپىمدىن ئالدى تەرىپىم پۇختا دېگۈچىلەر
ئۈستى تەرىپىمدىن ئاستى تەرىپىم كېلىشكەن دېگۈچىلەر
تېشىمدىن ئىچىم ئەھمىيەتلىك دېگۈچىلەر
بىر - بىرلەپ يىغىلدى
ئۇلار ئىسسىق ئېڭەككە تەگكەن سوغۇق مۇشتتەك
تەلۋە ھەم سەزگۈر ئىدى
ئۇ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى
ئۇلار ئىككىلىنىشنى بىلمەيتتى
بىر - بىرىگە بېشىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى چاندۇرمايتتى
بىر - بىرىگە مۇرىسىدىكى سۇلۇق چېچەكنى كۆرسەتمەيتى
يالغان گەپ قىلىسا زوۋانىنىڭ
ھامان تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىغا پەرۋا قىلمايتتى
ئۇ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى
شۇنچە سېھىرلىك مونولوگمۇ كارغا كەلمەيتتى
ئۇلارنى ئاشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە قىپ قويغىنى ۋاقىت ئىدى
ئۇ ئۇلارغا قاراپ ئۇزۇن ئولتۇردى
ئاخىر ئۇ زادىلا چىداپ بولالماي
ئىچىدە توختىغۇزنىڭ قۇترا ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى
ئۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى
ياشاشتىن ۋاز كەچمەكچى ئەمەس
بەلكى ۋاقىتتىن قۇتۇلماقچى ئىدى

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# يول بەلگىسى

ئۆزى ئۆرۈلۈپ، ئۆزى چۈشۈپ، ئۆزى توختايدۇ
ئىشىك باققۇچى دەردمەنلىك قۇم سائىتى
كۈندۈز بىلەن كېچە ئەنە شۇنداق ئالمىشىدۇ
ئۆزى قايناپ، ئۆزى تېشىپ، ئۆزى توختايدۇ
ئۆرۈشقا كەتكەن بىگانىنىڭ قۇم چۆگۈنى
خۇدا بىلەن ئىنسان مانا شۇنداق ماسلىشىدۇ

مەن سېنى يا سۆيمەن يا سۆيمەن
بىگانە بىلەن ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەندە
دەردمەن بىلەن بىللە قۇم سانىغاندا
هامان سېنى قوش قاناتلىق ئىشىك دەيمەن
ۋە ئۇنىڭدىن چىقىپ يولغا راۋان بولىمەن
يەنە نېمە مەخپىيەت قالدى؟
پەقەت بىرلا:
سەن مېنى يا سۆيسەن يا سۆيمەيسەن
لېكىن ئىككىمىز ئۇدۇل مېڭىش بەلگىسىنى كۆرگەندە
چوقۇم ئۇدۇل ماڭىمىز

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## چۈشلۈك ئۈيقۇ

ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتمەيدىغان
يامغۇردا ئېرىپ كەتمەيدىغان
سوغۇقتا قېتىپ كەتمەيدىغان
شامالدا توزۇپ كەتمەيدىغان
چوڭ بولغاندا بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان
ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمەيدىغان
چىرايلىق بىر بالا كەلدى

2016 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## نىياز ئەخمەت

ئوۋ پۇتى بىلەن بەدىنىنىڭ سول تەرىپىنى كۆتۈرۈپ
سول پۇتى بىلەن بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى تىرەپ
ئوڭ قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ
سول قولى بىلەن جېنىنى چىڭ سىقىملاپ
ماڭا مايىناق قاراپ تۇرىدۇ

2016 ـ يىلى مارت، تۇرپان

## قىسسە

ھەر كۈنى بۆلۈك - پۈچقاقلارنى سايىمىز بىلەن تولدۇرىمىز،
سايىمىز يېتىشمىسە نومۇسلۇق ئەخلەتلەرنى تۆكىمىز.
شاۋقۇن - سۈرەنلەرنى مۇڭلۇق كۈيلىرىمىز بىلەن تىنچىتىمىز،
تىنچىمىسا ئاسماننىڭ ئاغزىغا قارىتىپ تاش ئاتىمىز.

بىز يىمىرىلمەس كېچىلەردە نازۇكلىشىمىز،
ھېسسىياتچان، ياخشى، ئەقىللىك بوپ قالىمىز.
بىز يىغلاڭغۇ كۈندۈزلەردە تاشتەك قاتىمىز،
ئالدىراش، ئۇنتۇغاق، ۋاپاسىز بوپ كېتىمىز.

ئەسلەرنىڭ ئالتۇن تامغىلىرىنى كۆلۈپ تۇرۇپ ئويىمىز
دەرەخلىرىمىزنى ۋە قۇشلىرىمىزنى كۆزىمىزگە سۈرتىمىز.
غايەت زور پۈركۈگۈچلىرىمىز بار،
سۇ پۈركۈيدىغان، ئوت پۈركۈيدىغان
ۋە ھېچنېمە پۈركۈمەيدىغان، ئايرىم - ئايرىم.

بەزىدە ئىشكلىرىمىز ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ،
شۇنداق چاغدا ئۆزىمىزنى مەزلۇم سېزىمىز،
ئەمما ئىشكنى يېپىۋالساقلا خاتىرجەم بولىمىز.
ياۋا ئوت - چۆپلەردىن ساماۋى يېپىنچا توقۇغىمىز كېلىدۇ،
بىزنى بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن ساقلايدىغان.
لېكىن شاللاق تەقدىر زىيادە كۈچلۈك،
بىزنى قاراڭغۇ ئارقا كوچىلارغا سۆرەپ كېتىدۇ.

سۆيگۈ دەردىدە تال - تال بولىمىز، بەزىدە پارچە - پارچە،
ئىبادەتتە ئولتۇرغاندا تامادىن تىترەپ كېتىمىز.
لوڭقىلارنى سوزۇنچاق ياسايمىز، كۆك رەڭدە،

دېرىزىلەرگە تىزىپ قويمايمىز، بەلكى يوتقىنىمىزغا سولىۋالىمىز،
ئۇنىڭغا گۈل سالمايمىز، قولىمىزنى تىقىمىز.

بەزى ئىشلار ئۆمرىمىزدىن ئېشىپ قالىدۇ:
ئۇجمە قوۋزىقىدا قەغەز ياساش
ۋە كۆرۈنمەس يېزىقتا ئۇنىڭغا توغۇلغان كۈنىمىزنى تىركەپ قويۇشقا ئوخشاش.

بىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىشىمىز يوق،
بېلىمىز سۆگەت تېلىدا چىڭ باغلاقلىق.
بىزنىڭ پۇشايمان ۋە توۋا بىلەن ئارىمىز ئوچۇق،
بوسۇغىمىزغا كۈل رەڭ كۈللەر تۆكۈكلۈك.

بىز بەزى ئۆلۈكلەرنى تامنىڭ ئۇلىغا كۆمىمىز،
باللار تامغا مىنىۋېلىپ تەڭپۇڭلۇقنى مەشىق قىلىدۇ.
بىز دەردىمىزنى بىر - بىرىمىزگە چۈشەندۈرەلەيمىز،
قايچىنىڭ ئىككى تىغى ئۆزئارا سۈيۈشكەندەك.

بىز تاغلارنى هاك بىلەن سىرلاپ تۇرىمىز.
بىز ئېقىن سۇلارغا ۋاكسىنلارنى ئۇرۇپ تۇرىمىز.
بىز قۇياشنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىپ تۇرىمىز.
بىز دالالارنى غۇلاچلاپ ئۆزۈپ تۇرىمىز.
بىز قۇملۇقلارنى چۈشىمىز بىلەن قورشاپ تۇرىمىز.

لېكىن بىز ئېتىزلارغا ئادەم تېرىپ ئۇندۇرەلمەيمىز،
ھەمدە تاقەتسىزلەنگەندە ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

2016 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# ئۇي

كۆمۈرگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان
قۇرۇق بىر كۆتەكنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇراتتىم.
خەتەرلىك ئۇي داۋاملىشىۋاتاتتى:

گاھ ئوتنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنلىشاتتىم،
گاھ قاراڭغۇدىكى بۆلۈتنىڭ قات - قېتىنى كېزەتتىم،
گاھ ئەرەبچىدىن ئىسلاھ قىلىنغان يېزىقتىن يېنىپ چىقاتتىم،
گاھ ئىنسانلارنىڭ زەئىپ يۈرىكىگە كىرەتتىم.

كونا چاپان.
چاچ سېتىۋالغۇچى ئايال.
پولات ھەرە.
ئىشچان گۈندىپاي.

قۇلىقىم گاس، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم، دەيتتىم،
شۇ ئارقىلىق مەشئۇم ھېكايىلەرنى تەرك ئەتمەكچى بولاتتىم.
كۆزۈم كور، ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، دەيتتىم،
شۇ ئارقىلىق يامان شەيئىلەردىن قۇتۇلماقچى بولاتتىم.

كۆمۈرگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان
قۇرۇق بىر كۆتەكنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتىم
تىلىمنى چىشلەپ.

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# چىرقىراش

ئايال كىشى ئەمەسمۇ
گۆرنى كەڭرەك كولاڭلار
بولمىسا قىچىپ چىقىدۇ، دېيىشتى
شۇنداق قىلىندى ھەم ئايالنىڭ مېيىتى كۆمۈلدى
ئەمما ئايال يەنىلا گۆردىن قېچىپ چىقتى
ھەرگىزمۇ گۆرنى تار كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى
ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئارزۇسى قالغانىدى
ئۇ ئىنىس - جىن يوق دېڭىز بويىغا بېرىپ
قاتتىق بىر چىرقىرىۋالماقچى ئىدى، ئۇ دېدى:
— نېرى كېتىڭلار، نېرى كېتىڭلار
خۇددى ساكيامۇنى مۇرىتلىرىغا تاپىلىغاندەك
كالا مۆرىسە ئاڭلانمىغۇدەك يەرگە كېتىپ تۇرۇڭلار
بېلىقلار دېڭىزنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇدى
قۇشلار بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتتى
قۇرت - قوڭغۇزلار توپا ئاستىغا كىرىپ كەتتى
بىزمۇ بارا - بارا يىراقلىدۇق

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# پارچىلىنىشنىڭ جەريانى

1

بىر كۆز يەنە بىر كۆزگە سۆزلەۋاتاتتى،
ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۈم،
سۆزلەر ماڭا تېگىپ كەتمىدى،
مەنمۇ ئۇلارغا چېقىلمىدىم.
ئىككى كۆز بىر - بىرىنى كۆرەلىگەن بولسا - هە!

2

ئىستۇدېنتلار ئاغزىمغا كىردى،
ئۇلار ئۇدۇلغا قاراپ ھەقىقەتنىڭ ھەرپلىرىنى
پېشانىسىگە چاپلىشى كېرەك ئىدى.
قاچانكى، مەن ئۇلارنى تەنەپپۇسقا قويۇۋەتسەم
ئۇلار ئاندىن بىر - بىرىنى كۆرەلەيتتى.

3

باھاردا ھەۋەسلەر قۇرتتەك لۆمۈلدەپ ئويغىناتتى،
ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، بىزلەرنى چاقاتتى.
مەن ئۇلارنى ئەستايىدىل دەڭسەيتتىم،
مەن ئۇلارنى چوڭقۇر ئىككىلەندۈرەتتىم.
ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى.

4

مەن ئاسمانغا يېقىنلاشتىم،
يېقىنلاشقانسېرى ئاسمان يوقىلاتتى،
مەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە يالغۇز قالاتتىم،

پەيمانىم توشاتتى - دە،
بىز بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيتتۇق.

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىك

يۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ياش لايىھەلىگۈچى
بىر كۆمۈش چۆگۈن سىزدى،
سۆيگۈننى ئويلاپ تۇرۇپ.

پاختا رەختكە بېسىلغان چۆگۈن نۇسخىسىغا
بىر پاختەك ئۇۋۇا سالدى،
ھەممە ئاۋازنى بىرلەشتۇرۇپ.

بىر ئاۋاز ئۇۋۇىدىن جاھىللارچە قېچىپ چىققاندا
مەن پىشاك بىلەن يەر شارىنى قوزغاۋاتاتتىم.
توۋا، مەن زادى نەنى دەسسەپ تۇرۇۋاتىمەن؟

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## مۇناجات

يوقالغان قوللارنىڭ زەربىسى،
كۆمۈلگەن يۈرەكلەرنىڭ سوقۇشى،
ئۇنتۇلغان ئېتىقادنىڭ قالدۇقى،
باش ئۈستىمىزدە ئەگىۋاتقان شۇ بىر مۇڭلۇق كوي.

ئورۇنلار يۆتكىلىپ تۇرار،
يۆنىلىشتىن يۆنىلىشكە،
ھەممە تىنىلىقلار ئۈچۈن،
ئاشۇ مېلودىيە توختاشتىن بۇرۇن.

ھارارىتىم ھارارىتىڭگە
يولۇقمايدۇ بىكاردىن - بىكار؛
بەندە بىلەن خۇدا
سەۋەبسىز تۇرماس روبىرو؛
ئۇدارلاردىن بەرپا بولغان باشقا بىر دۇنيا يوق
ئىككى ئۈچۈن.

شاھلارنىڭ بىزگە قالدۇرغىنى
بىرنەچچە بوي پەي تارلا خالاس؛
يونۇلغان، چاپلانغان، سىرلانغان، نەقىشلەنگەن
ئۈجمە ياغىچى ھامان سۇنار، چىرىپ كېتەر،
ئاندىن بىزنىڭ گۆشىمىزگە ئايلىنار.

بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇ يەرنى ھېس قىلىش ئاسان،
ھازىردا تۇرۇپ بۇرۇننى ھېس قىلىش قىيىن.

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## ئۈچ

ئۈچ نەپەر ساقلىغۇچى، بىر ئۆيدە،
بىر - بىرىنى كۆرمەي ئولتۇراتتى
ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە.
بىرى، پارچىلىنىتاتتى، پۈتۈنلىنەتتى، پارچىلىناتتى
بىرى، يوقايتتى، پەيدا بولاتتى، يوقايتتى
بىرى، ئۆچەتتى، ياناتتى، ئۆچەتتى
سىرتتا،
ساقلانغۇچىلار ئۇياق - بۇياققا ئۆتەتتى
پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ،
ئاياغ تىۋىشىنى چىقارماي.
ئۈچ — مۇھىم سان،
بىر ئۆيدىكى ناتونۇش ساقلىغۇچىلارنى ئىپادىلەيدىغان،
ھەمدە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان.

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كېتىش

مەن ئۇنىڭغا: ھېچ ئىش قىلمايمەن،
ياۋاشلىق بىلەن ياشاپ ئۆلۈپ كېتىمەن، دېدىم.
ئۇ مېنىڭ گېپىمگە ئەمەس، ئۆزىگە ئىشەندى.

پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋالدىم.
قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىۋالدىم.
يىلاننىڭ پۇتلىرىنى ئۈزۈۋالدىم.

دەرەخنىڭ مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇۋالدىم.
گۈلنىڭ تىرنىقىنى يۇلۇۋالدىم.
چىمەننىڭ نەشتىرىنى بۇلىۋالدىم.

شەپەقنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدىم.
تاغلارنىڭ جېنىنى ئېلىۋالدىم.
ئادەملەرنىڭ سۆزۈكلۈكىنى تارتىۋالدىم.

ئالەمنى مالىم قىلىۋەتتىمكى،
ئۇ ھەيران قالدى ۋە سورىدى:
سەن بۇلارنى قانداق قىلالىدىڭ؟

ئاندىن مەن كېتىمەن دەپلا كېتەلمىدىم،
ھەمدە، ئۆمۈرنى ئۆمۈرگە تېگىشسەم
بىر ئۆمۈرنىڭ زىيان بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

مەن كېتىۋاتقاندا، ئۇ كەتمەيۋاتاتتى.

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# يالغان گەپ

ئۇ ئەسلىدە
ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي تۇرىدىغان
يىراق جاينىڭ ئاۋازىدەك
دولقۇنسىمان ئىدى
بىر - بىرىگە تەڭلا گەپ قىلىشىۋاتقان
ئۈچ ئايالنىڭ زېھنىدەك
سىغىمچان ئىدى
ئون ئىككى كۆزى بىلەن
ئون ئۈچ خىل كېسەلنى ساقايتىدىغان ئارىشاڭدەك
رىتىملىق ئىدى

مانا ئەمدى
ئۇنىڭ دېتاللىرى ئازايدى
جەريانلىرى قىسقىرىدى
سۇژېتلىرى ئاددىيلاشتى
ئۇ راست گەپكە ئوخشاپ قالغىلى تۇردى

ئەي، كۆرگۈلۈكى تېخى بار بىچارەم
دېمەك، ئىككىمىز بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقاندەك قىلىمىز

2016 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# يەنە بىر كۈننىڭ باشلىنىشى

رەڭسىز تاڭ نۇرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قاتار سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى يول بىلەن
بىر توپ چوكان دەرەخ شاخلىرىغا دەسسەپ ئېتىزغا ماڭغاندى
سۇزۇك نۇر ئۇلارنىڭ بەدىنىگە سىڭىپ كىرىپ
ئاستى تەرەپتىن قىزارغان هالدا سىرغىپ چۈشەتتى

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۇمانلاشقان
يۈزلىرى تاشتەك قاتقان
ئۇلار هارغىن، سەپرا، قايمۇققان
ئېهتىيات بىلەن قەدەم ئالاتتى
شاختىن ـ شاخقا، تېرەكتىن ـ تېرەككە

ئەرلىرى بازارغا گۆشخور توخۇ سېتىۋالغىلى كەتكەن
قان توختىمىغۇچە قايتىپ كەلمەيتتى
تۇخۇمدىن يېڭى چىققان باللىرى
پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى شوراپ ئۆيدە قالغاندى

ئەنە، ئۇلار هەممە نەرسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى

يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا
ئۇلارنىڭ قىزىل كۆڭلەكلىرى بايراقلاردەك لەپىلدەيتتى

2016 ـ يىلى ئاپرېل، تۇرپان

## سۇ باسما رەسىم

بىر پارچە كونا قەغەز
سەپسېلىپ قارا
نۇرغا تۇتۇپ
كىم، كىملەر، نېمە، نېمىلەر بار
مەڭگۈلۈك چىرايلار زادى قانداق

قۇملۇقلاردەك يەمخور كۆزلەر
ئويمانلىقلاردەك ئۇچار لەۋلەر
تاقىر تاغلاردەك يۇگۇرۇك بۇرۇنلار
تۇزلەڭلىكلەردەك لۆم ـ لۆم پېشانىلەر
جەزىرىلەردەك ئاقار يۈزلەر
ئورمانلاردەك ئۇيقۇچى چاچلار . . .

بۇ ئۆڭمەسلىك
سەن ئويلىغاندەكلا
بۇ نەپىسلىك
مۇمكىن ئەمەستەكلا

بۇ قەغەزنىڭ نېپىزلىكىنى بۆسۈپ ئۆتكىنى
بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ ئۆلچەملىك كاللىسى
بۇ قەغەزنىڭ كۆز يەتكۈسىز كەسمە يۈزىدە
ئوتتىن يارتىلغان نورغۇن قاراقچىلار
ۋە
سۇدىن يارتىلغان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق

2016 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## ھەسەن ـ ھۈسەن

بەزىلىرى تاشقا تۇتۇشىدۇ،
تاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىدۇ؛
بەزىلىرى تۇمۇردىن ئۈنىدۇ،
يېڭى ئورۇلغان ئوت ـ چۆپلەردەك پۇرايدۇ؛
بەزىلىرى رەختنى تېشىپ ئۆتىدۇ،
بىگىزدەك كەسكىن،
ياكى ئوتتۇرا ياشلىق رەڭلىك نۇردىن شەكىللىنىدۇ،
يامغۇر بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.
بىز بۇنى ئوبدان بىلىمىز،
كىچىكىمىزدە
شەيتان بىزگە ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگەتكەندىن تارتىپ.
ئۇزۇن بولدى،
ئىككىمىز دۇنيانىڭ ئىككى چېتىدە،
خۇددى مېترىنىڭ ئىككى ئۇچىنى چىڭ تۇتقان
ئىككى نەپەر يەر ئۆلچىگۈچىدەك،
خاتالىق كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان.
ئەمما،
ھەر قېتىم،
تاماقتىن كېيىن،
ياللۇغ قايتۇرۇش دورىسى ئىچكەندە،
بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ،
بىزنىڭ ھەسەن ـ ھۈسىنىمىزنى تەڭلا كۆرەلەيمىز،
ئۆي ئىچىدە،
ئىشىك ئالدىدا،
ياكى كېسەل بىلەن ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئاۋۋال.

2016 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كېچىدىكى ناخشا

مەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ ھاڭۋاقتىسى
قاراڭغۇلۇقنىڭ كېلىش مەنبەسىگە پەرۋا قىلمايمەن
ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كەتكەندە
ئىچىدە ئالتۇن بېلىق بار بىر پارچە مۇز خىيالىمغا كېلىدۇ

بىزنى ھەرىكەتلەندۈرگەن شورپا
مېنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈۋېرىدۇ
ئۆيدە ئۆز قولۇم بىلەن باققان ئۈچار پاقلاننى
ھۇزۇر بىلەن بوغۇزلىسام
نارەسىدە قىزلىرىم باش ئۇستىمىزدە لەيلىگەن پېتى قاراپ تۇرۇۋېرىدۇ

كۆيۈك تاغنىڭ باغرىدا
قوغۇننىڭ ئاسانلا ئېچىلىدىغان سېرىق چېچەكلىرى
كېچىدىكى ناخشا توختىغاندا يالغۇز قالىدۇ
ئاغزىدا ئوت پۈركۈيدىغان ئاق قۇشقاچلار
جىگدە يوپۇرمىقىنىڭ ئۇستىدە خىيال سۈرۈپ ئوڭدا ياتىدۇ

بىزنىڭ شۇنداق قائىدىمىز بار :
كىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا
بىز كېچىدە ئېيتىدىغان ناخشىنى
ئاشۇ كىشى ئاۋۋال باشلايدۇ

2016 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# كېچە. دەريا بويى

ئۇ ئالدىراش ھەم ئەتراپتىن پەرقسىز.
قىرغاقتىكى دەرەخلەر ئارىسىدا
ئۇنىڭ كۆچى قارىيىپ كەتكەن،
ئۇ گەرچە ئۇلۇغ ۋە تەنها بولسىمۇ.

ئىككىنچى كۆۋرۈك تەرەپتىكى ئاي
بىرىنچى كۆۋرۈك بىلەن ئىككىنچى كۆۋرۈكنىڭ
ئارىسىدىكى يورۇقلار بىلەن ئالاقىسىز.
ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى راست قىرغاق ۋە يالغان قىرغاقتا.

سۇدىن شۇڭغۇپ چىققان بېلىقنىڭ ئېچىلغان ئاغزى.
ئىككى تال سىلىق بۇرۇتىدىكى لاي يالت قىپ قالدى.
«چولتوك» قىلغان ۋەھىمىلىك ئاۋازنى تەكىتلەش ھاجەتسىز.
ھەمدە قىرغاقتىكى چىغىر يول پۇتۇمغا يۆگەشتى.

جىگدە چېچىكىنىڭ تەكرار - تەكرار خۇش پۇرىقى
قۇترىغان ھەۋەس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان.
سۇغا غەرق بولغانلارنىڭ تۇنجۇقۇش ئالدىدىكى
سۇنى يۇتقان ئاۋازى ئۇچۇق ئاڭلىنىدۇ،

سۇنىڭ شاۋقۇنىدىن ئازراق پەرقلىق.
ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى سەۋدا پاقىلارنىڭ كۇرۇلدىشى،
غايىب ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىشى، مېنىڭ سۈكۈتۈم
ۋە ئىپتىدائىي سالقىنلىق — بۇلار سۇ يۈزىدىكى نۇردەك تۇراقسىز.

قىرغاقنىڭ ئىشىكى تاقالسا، ياقا يۇرتلۇق كۆلەڭگىلەر قانداق قىلار؟
چىغىر يول ئېتىۋېتىلسە، مەن دەريا بىلەن نېمە دېيىشەرمەن؟

دەريا بويىدىكى قۇشلارنىڭ كىچىدىمۇ
نېمىشقا سايرايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس.

مەن بۇ دەريادىنمۇ قالتىس:
مېنىڭ هازىر بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى هېچكىم بىلمەيدۇ.

2016 ـ يىلى ماي، غۇلجا

## ئايال مۇمىيا

سەن بىر تال سېرىق تۇزاننىڭ سايىسىدا
ئولتۇراقلاشقۇچى، ۋاقىتتىن ئۈمىد كۈتكەن.
سېنى بوشلۇقۇڭدىن تارتىپ چىقىراي دېدىم - يۇ،
تۇزانلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن
ساڭا بولغان كۆيۈمۈمنى ئاشكارىلىمىدىم،
خۇددى خۇدا پاختا ئىچىدە چوغنى ساقلىغاندەك.
سەن غايەت زور جىمجىتلىق ئىچىدە
ئاستا - ئاستا ئازلاۋاتاتتىڭ، هاۋانى تەرك ئېتىپ،
ئەمما قولۇڭنى ماڭا بېرىشكە ئۇنىمايۋاتاتتىڭ.
بەلكىم، ئىچ - قارنىڭنىڭ يوقلۇقىدىن، كىيىملىرىڭنىڭ
رەتسىزلىكىدىن، چېچىڭنىڭ تاراقسىز قالغانلىقىدىن،
گىرىم قىلالمىغانلىقىڭدىن، ھەتتا مېنى كۆرۈپ
تىرىلەلمىگەنلىكىڭدىن خىجىل بولساڭ كېرەك.

2016 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# كۆلەڭگىلەر

تار، ئېگىز - پەس ۋاقىتلىق كىچىك كوچا.
مۇزىكا ئەترىتى تېز سۈرئەتتە ئۆگزىگە ياماشتى.
ئۇلار ئۆز قولى بىلەن كوچىنى يەنە ئازراق ئەگمەكچى ئىدى.
ھاۋا مىسلىسىز ئېچىلدى.

كۆلەڭگىلەر ئىككى قەۋەت ئۆيدىن بىر - بىرلەپ چىقتى،
قوشۇمچە ئارتىسلار كەبى.
ئۇلار ئەمدى كېسەك تاملارغا ئەھدىلەرنى يازىدۇ —
ئۆينىڭ سىغىمچانلىقى بىلەن ھايات ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى.

مۇزىكا تېخى باشلانمىدى. موللاقچى كەپتەرنىڭ
پۇتىغا ئېسىلغان كىچىك قاپاقتىنمۇ سادا يوق —
قاناتلىقلارنىڭ نامى بىلەن. كۆلەڭگىلەر كۈلۈشمەكتە،
مۇزىكانتلار ئۇزۇن بويۇنلىرىنى تېخىمۇ سوزۇپ ئۆگزىدىن پەسكە قارىدى.
ئازراقتىن كېيىن ئەرۋاھلار مارشى ياڭرايدۇ،
خۇددى كۆلەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى تۇغماس بولغاندەك
ۋە بىردىن يېتىم بالىنى بېقىۋالغاندەك.
ئۇلار كوچىنى ئەمدى ئەگمىسە بولاتتى.
ئەتراپ شۇ قەدەر لىق ھەم كەڭرى تۇرسا.

كۆلەڭگىلەرنىڭ مۇكەممەللىكى بەك ئۇزۇن جەريان،
خۇددى تۈرلەرنىڭ كېلىپچىقىش تارىخىدەك
ئۇلار مېنى قورشايدۇ ۋە ۋەھىملىك مۇزىكا قايىنىمى ئىچىگە ئەكىرىپ
كېتىدۇ
ھەمدە بارلىق ئەجەللىك پەرھىزلەرنى پېشانەمگە يازىدۇ.

2016 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

## هالەتلەرنىڭ ئەھۋالى

1
ياغاچ ئىچىدىكى بۇرما مىخ
يۇرەك سوقۇشقا باشلىغاندىن بۇيانقى ئون بەش يىلدا
ئايلانما پەلەمپەينى چىقتىپ
جىم تۇراتتى

2
رايىش پولات پۇرژىنا
بىر كېچىدە ئىككى قېتىم جۆيلۈگەن سەپرا ئەرگە
تەنە بىلەن دېدى:
— خوي دەردىڭ چىقىپتۇ

3
ئەسلىنى ئۇنتۇغان
ئۇدۇلدىكى سېمونت تامنىڭ رەڭگى
ھەر قېتىم بارماق بىلەن چېكىلگەندە
جانان چىننىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلايدۇ

4
سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان سۇزۇك ئايال
جەننەتتىكى جىگدىنىڭ يېلىمىنى چېچىغا چېپىپ
ئايلانما پەلەمپەيدىن
ئاۋايلاپ چۈشتى

5
مەن
پولات پۇرژىنا ئۇستىدە ئولتۇرۇپ

ئانامنىڭ چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتقاندا
بارماقلىرىم ھالىدىن كەتكەنىدى

2016 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# پىنھان نەرسىلەر

1

تولىمۇ ئېھتىياتچان
سوزۇنچاق قارا شەپەرەڭ
كۈندۈزنى خىيالىغىمۇ كىرگۈزمەيدىغان
ھەمدە ھاۋا بىلەن تەڭ تىترەيدىغان

2

قېلىن قەغەزگە ئورالغان بىر كاللەك قارا موم
پىشمىغان ھەم كارىۋات ئاستىدا
ئۆزىنى ھەر خىل ياساپ باقىدۇ
ھەر كېچە

3

يەردە ماڭىدىغان قارا تۈرنىنىڭ
قىزىل گۆش ساقىلى پۇلاڭلايدۇ
ئۇ شۇ ھالەتتە قاراڭغۇدا تۇرىدۇ
ۋە ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدۇ

4

ئىسسىق قارا گىرىلكا
كېچىدە يېپىق ھالەتتە
لېكىن بوۋاقتەك بىغەم
كېسەل ئايالنىڭ قويىنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلايدۇ

5

سول كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدا بىر تال قارا داغ بار
كېچىدە كۆرۈنمەيدىغان

ئۇ بارا - بارا يوغىنايدۇ ۋە هامان مېنى
بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىۋېتىدۇ

2016 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

## ئالـمىلا

1

كۆزۈمگە كۆرۈنگەنلا نەرسە مېنىڭ بولدى، دەيدۇ قىزىم ئالـمىلا
دادا، بىز ئەمدى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيلى

2

باش سۆيىنىڭ تەمىدەك ئەستىن چىقماس ئەقىل
سۆپىتى ئۆزگىرىپ قالغان ئاخىرقى شەربەت

3

بىر ـ بىرىگە قول بەرگەن كىرىستال ئەر ـ ئايال
رەتلىگەنسېرى قالايمىقانلىشىۋاتقان بالىلار قەبرىستانلىقى

4

بېشىمىزغا دەسسەپ تۇرغان ئۈچ دۇنيا
كالىنىڭ مۈڭگۈزى تىرەپ تۇرغان زېمىن

5

ئىچىمىزدە يىرتىلىۋاتقان گۆش پەردە
ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن قاراڭغۇلۇق

6

بىز ئۇلارنىڭ ئىكەنمىز
قىزىم، ئۇلار بىزنى بايقاپ بوپتۇ

2016 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئىككىنچى پەسىل

سەن ماڭا، مەن ساڭا، دېدى بىرەر ئېتىز بوْغدايلىقمۇ يوق ئايال
يانتۇ يېتىپ، هاياجانلىنىپ، تەشۋىش بىلەن ئۆيگە لىق تولۇپ

ئىككىنچى پەسىلدە ئۇلار كۆزلىرىدىن يېشىل ئوت چىقاردى
قاراڭغۇ هويلىدىكى ناتونۇش قاناتلار بىر - بىرىگە
سىلىق سۈركەلدى

ئەر دۆڭدىن پەسكە مېڭىپ تىزى يېغىر بولغانلارنى
خىيال قىلىۋاتقاندا
ئۇلارنىڭ ئەپچىل باشلىرى ۋە جاپاكەش قوللىرى ئۆز ئورنىدا
ئۇخلاپ قالدى

ئۇنداق قاراۋەرمەڭ، بولمىسا مېنى تونۇيالمايسىز، دېدى ئايال
سول تەرەپتىن
ئۇلار جىم ياتتى ۋە ئايالنىڭ سۈتىنى ئويلاپ ئۆز ئالدىغا
مىدىرلاپ قويۇشتى

ئايالنىڭ چېچى ئۆسۈپ - ئۆسۈپ، يېيىلىپ - يېيىلىپ
قاراڭغۇ هويلىغا چىقتى
ئەرنىڭ كۆكرىكى قىزىدى ۋە قارا تاش قوقاستا يېرىلغاندەك
ئاۋاز چىقاردى

2016 - يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# چەۋەنداز

شەمشەرنىڭ بىسىدەك كۆۋرۈكتىن
تورۇق ئېتىمنى قانداق ئۆتكۈزسەم شۇنداق ئۆتىدۇ
لېكىن
ئاۋۋال بىردەم توختىۋېلىشىم كېرەك:
گويا بىر ۋىجىك دىۋە
كۈھىقاپنىڭ ئاغزىنى بىر - بىرلەپ ئەتكەندەك
چاپىنىمنىڭ ئالدى تۈگمىلىرىنى پۇختا ئېتىشىم لازىم
— قەلبىنىڭ پىنهان تۈرغىنى ئەۋزەل

ئۇ تەرەپتە
دۇنيا ئىككىگە بۆلۈنمەكچى
مەن نىيەت قىلدىم
ئەمما تەييارلىنىپ بولالمىدىم

2016 - يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# تەن

سۈرگۈن سۈدىن
سەرسان يىغلىشتىن
ئۈزۈل - كېسىل سوقۇلۇشتىن
ناتونۇش قۇچاقلىششتىن
مۇزدەك چاپلىششتىن
كۆز يەتكۈسىز مىجىلىشتىن
تىمتاس يۇمىلاشتىن
ئۆلگۈر سىلىقلىنىشتىن
ۋە
نەتىجىسىز ئۇنتۇلۇشتىن كېيىن
ئاخىر
قۇملار تاشقا ئايلاندى

2016 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## پەيشەنبە

دەماللىقا ياسالغان گەپلەر ئىچىدىن
بىر چوققا تىكلەنمەكتە،
كۆيۈك چىملار ئارىسىدىن
قارام گۈمبەمەدەك ئۈنگەندەك.
شۇنداق،
ئېگىزلىك شۇنچە مۇھىمدەك،
قاتتىقلىق شۇنچە زۆرۈردەك.
هاۋاغا سىزىلغان دوپپا بىردەمدىلا كونىرايدۇ،
كۆزلەر دۇغلىشىدۇ،
چوققا هەم ئازىدۇ،
زاۋال پەيتىدە، روهلار قايىم بولغاندا.

2016 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# ئىتتىپاق يولى

قىزىل قانلىقلارغا كەچ بولدى،
قارا قانلىقلارغىمۇ ھەم.
ئۇنتۇغاقلارغا تاڭ ئاتتى،
ئاداۋەتخورلارغىمۇ ھەم.

ئۇ ئىسسىق دەپنىدىن ئالدىراش قايتىپ
يۈزىدىكى ئۆلۈم يۇقىنى شامالدا يۇدى،
ئاندىن،
ئىشەنچلىك شەرقتىن ئىشەنچسىز غەربكە،
غەمكىن ئېگىزدىن شادىمان پەسكە،
تونۇش گىرۋەكتىن ناتونۇش مەركەزگە،
سىڭىپ كەتكۈچىنىڭ قەدىمىدە راۋان بولدى.

2016 ـ يىلى سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئۇچرىشىش

ئۇلار بىلەن ئۇچراشتىم
بىللە ئولتۇرۇپ نان بىلەن غەم يېدۇق

بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىكى تەر تامچىلىرى دۇنيانى ئەكس ئەتتۇرەتتى
قۇلاقلىرىمدا ئورمانىنىڭ قاراڭغۇلۇقى گۈركىرەيتتى
كەينىچىلاپ يانمۇيان پىيادە ماڭدۇق، ئۆركەشلىك چىغىر يولدا
ئاندىن كۆز قارىچۇقۇمنى چۆرگۈلەتتىم، چىمىنىڭ جېنى پۈرىدى
قەلبلەر نېمانچە يەڭگىل، ياپراقلار نېمانچە ئېغىر!

بىر كېچە ھەپىلەشتىم : ئىككى قولۇم دۈمبەمگە يەتتى
قىياپەتلىرىم بۇددانىڭ قىياپەتلىرىدىنمۇ مول بولدى
ئەتىسى، ئۇلار : سەن ياشاپ كەتكۈدەكسەن، دېيىشتى

2016 - يىلى سىنتەبىر، نىيۇيورك

## سەن

سەن، ئۇلۇغ ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر تال شېكەر
ۋە ھەممە تۇزنىڭ كۆشەندىسى
سەن، ئاچچىق شامالغا ئايلانغان بىر تىنىق ھاۋا
ۋە كۆچمەن سۇنىڭ قېرىندىشى
سەن، ئاسماندىن تاشلانغان بىر ئالتۇن بۇلۇڭ
ۋە ئەندىشىلىك ئاۋازلارنىڭ زاماندىشى

سەن،
ئەس كەبى زەربىلىك
ئۇنتۇش كەبى خاتىرجەم
جىمجىتلىق كەبى ئاجىز
چۇقان كەبى تەنها

سەن، بىر ئادەم ياكى بىر دىن ياكى بىر پارچە زېمىن

2016 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## سايدىكى تاشلار

ــــ قۇرۇماس نەمنى باغرىمىزدا ساقلىيالمايمىز
ــــ تەكرار قۇياش نۇرىدا ئازراقمۇ ئىللىيالمايمىز
ــــ مىدىرلىماي دۇم يېتىپ زادىلا زېرىكمەيمىز
ــــ خۇدانىڭ نەزىرى ئاستىدا قىلچە ئۈسمەيمىز
ــــ سۆيگۈمىزنى ھەرگىز ئىزھار قىلمايمىز
ــــ شۇنچە ئېنىق بىز ئەمما بىلىنمەيمىز
ــــ بىز ۋاقىت
ــــ بىز ئەبەدىيەت
ــــ بىز دۇنيانىڭ پارچىلانغان ۋە قاتقان يۈرىكى
ــــ بىز نەقەدەر ئۆزگىچە ـ ھە
چىدامچانلىقتىن باشقا ھېچ نەرسىمىز يوق !

2016 ـ يىلى ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى

# چۈشىنىش

خالىغان ئۇتتۇز ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن
ئاۋۋال كۆڭلۈڭگە ئىچكىرىلەپ كىرىش كېرەك

چىڭقىچۈشتە پىيادە بېرىپ
ئۇلارنىڭ تومۇز ئىسسىقتا ئېرىپ كەتمەيۋاتقانلىقىنى
ۋە يەتتە ئەزايىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈش
ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى مۇشتۇمدەك كۈل رەڭ تاشنى
ۋە توققۇز پۇتلۇق ئاق قۇرتنى پەرەز قىلىش
ئۇلارنىڭ قانداق گۆشلەرنى يېمەيدىغانلىقىنى
ۋە باللىرىغا قانداق ئىسىملارنى قويىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش
ئۇلارنىڭ خەتەرلىك ياكى ئەمەسلىكىنى
ھەمدە ئالدىنىڭ بەند ياكى ئەمەسلىكىنى كۆزىتىش
ئاندىن دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ
بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش لازىم

كەچتە، كۆزنى يۇمۇپ ئۈچ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىش
ۋە كاللىدىكى ئەڭ مۇدھىش خىياللارنى ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىش
زۆرۈر

بىر مەزگىلدىن كېيىن
ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ تۇغقان بولۇش كېرەك

2016 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# خىيالدىكى خوتەن

ئۇ يەردە
زىيانلىق بىر نەرسە بار:
زىغىر يېغى
يەر شەكلى خەرىتىسى
لاي سۇ
قۇشخانا
بازار
ھاۋا
كاۋاپ...
پەقەت چىرايىغىلا پايدا قىلىدىغان

نۇر سۇمۇرۇشچان قوڭۇر تېرىلەر يۆگەلمەكتە
ئاۋاز تېزلىكىدە
ھەر خىل گۇناھ ۋە ساۋاپلارغا بەرداشلىق بېرىش ئۇچۇن

چۇشىنىكسىز يەر ناملىرى ئاقارغان تىللارنىڭ ئۇچىدا
شىرنىلىك شېۋە توپا باسقان دەرەخلەر ئۇستىدە

شۇنداقتىمۇ
بېشىغا ئېگىز تېرە تۇماق كىيگەن قاغا
بوينىنى پولات زەنجىر بىلەن باغلىۋالغان ئاشقتىن سورىدى:
پايدا ـ زىيان بىلەن ئىشقنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانچىلىك؟

2016 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## میۋە

چاقماق غوللۇق دەرەخ ئۈستىدە
ئۇتتا بىراقلا پىشىمەن
(خۇدا ئادەمنى بىراقلا ياراتقاندەك)
چاچراپ تۇرغان يورۇقلار ئىچىدە
كوللېكتىپ ھەرىكەتچىلەرنىڭ ئەپت - بەشرىسىنى كۆرىمەن
قالدۇق تۇتۇنلىرىم ۋە بەزى ئەخلەتلىرىم شاختا قالدۇ

مەندىن ئاگاھ بولۇڭلار
بىر - بىرىڭلارغا گۇۋاھ بولۇڭلار
مەن پىشقان ھامان يەرگە چۈشىمەن
چۈشكەن ھامان كۆرمىڭ بولىمەن
چېچىلىپ كەتمەيمەن
ھەربىرىڭلارغا بىر تالدىن ھەم يەتمەيمەن

2016 - يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەتىيازدىن يازغىچە

تۇمان قوزغالدى،
يىراقتىن قارىماققا
بىر توپ ئادەم ئاپتاپنى كۆتۈپ توپلاشتى.

قىرىق كۈن،
چېچەكلەرنىڭ چاڭلىرى ئۆلارغا رېئاكسىيە قىلدى:
بەزىلىرىنىڭ بۇرۇنلىرى ئېچىشتى،
بەزىلىرىنىڭ يۆتەللىرى ئاۋۇپ كەتتى،
بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىرىدى،
تاكى شامال پەسلى يېتىپ كېلىپ،
تۇمان كالتەك بىلەن ھەيدەلگۈچە.

دەل شۇ پەيتتە،
«قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى» دېگەن ناخشا
سەۋەبسىزلا ئۆلارنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى.
دېمەك، ئەمدى ھاۋا ئىسسىپ كېتىدۇ،
يېقىن - يورۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىرىنى غەم باسىدۇ،
تۇمان تارقايدۇ —
ھەممە ئادەم ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ.

2016 - يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# تاغ باغرىدا

ئىرادە ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقاتقان ئاۋغۇستتا
ئۇنىڭ ئوك كۆزىدە مۇزات دەرياسى ئاقتى
سول كۆزىدە قىچا چېچىكى ئېچىلدى
سۇدا سۇنغان نۇرنىڭ جىلۋىسى
ئۇنىڭ يۈزىنى يەتتە يەردىن تىلىۋەتتى

قاپتالدىكى تار كېچىك ئۇنىڭ تاپانلىرىنى قىزىتتى
قارا خۇرۇم ئۆتۈك قەدەمدە بىر كىشنەيتتى
ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى
كۆرۈپ باقماقچى ئىدى

ئۇ
مۇگدەپ ئولتۇرغان زەمبىرەكچىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى
ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ ئۇچقۇن چىقاردى
ئاندىن تاغقا قاراپ ئۈچ كۈن ھۆۋلىدى

ھارغىنلىق ئۇنىڭ غەزىپىنى سېرىق رەڭدە بوياپ
ئۇنى مۇلايىم قىلىپ قويدى
ئۇ ئۆزىنى بىر ئۆتكۈچى دەپ ئويلىدى
ھەمدە تاغ باغرىدا يۈملاپ ئويناۋاتقان تاشلارغا قاراپ ئۇزاق تۇردى

ئۇ يانتۇلۇقنى يەڭدى
لېكىن، ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇقلار ساقايمىدى
بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن قىلچە ھالقىپ كەتمىگەنىدى

2016 - يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# يېخىلىق يارىتىش

نېمە يارىتىلمىدى؟
يوقلۇق.
يوقلۇقنىڭ يوقلۇقى ئەمەس
بارلىقنىڭ يوقلۇقى!

مۇقەددەس شام تامچىسى تىرنىقىمدا توختايدۇ.
بۇقىغا مىنىۋالغان ھەزىلكەش جالاقلاپ سىلكىنىدۇ.
تار كوچا قىزىققۇچىلارنى زاڭلىق قىلىدۇ.
ئۆگزىدىكى چىغىرىقلار يوقتىن بار بولىدۇ.

لېكىن مەن سىلەر بىلەن خوشلاشمايلا
ئەڭ ناتونۇش ياكى ئەڭ يىراق بىر جاينى تاللاپ:
ئامستېردامدىكى كونا كىچىك بىر ئىشىكتىن
يىغىلىپ قالغان ئىككىلىنىشلىرىمنى ئىما قىلىمەن.

مەيلى قانالار ئەسنەپ ياتسۇن.
مەيلى ئالماسلار شەكىللەنمىسۇن.
مەيلى كېمىلەر كۆزىتىلمىسۇن.
مەيلى تەرەپلەر ئالمىشىپ قالسۇن.

2017 ـ يىلى 12 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# يالىڭاچ ئۇخلىغۇچىنىڭ پارچە - پۇرات خىياللىرى

1

مېنى ئۆي يەپ كېتىدىغان بولدى

2

ساپال كوزىدا بېقىۋاتقان
قىزىل رەڭلىك رادىياتسىيەلىرىم بار
لېكىن، بۇ دۇنيادىن سەسكىنىپ كەتمىدىم
بىر ئادەم ياكى بىر ئورۇن تۇپەيلى

3

مەن ۋاقىتمنى ئۆتكۈزۈۋالاي دېدىم
ئۇستىخانلىرىم چىرىپ كەتمەستە
كولدۇرمىلىرىم كېيىملەر ئارىسىدا ئۇپراپ توگىمەستە
بۇنىڭ نەرى يامان؟

4

سەل تۇرۇپ، پولات تاۋلىغۇچىلار سېختىن چىقىدۇ
ئاندىن كوللېكتىپ مۇنچىغا چۈشىدۇ
ئاھ، مېنىڭ مۇسكۇللىرىم! ئاھ، مېنىڭ ماگمىلىرىم!
ماڭا كىم قويىدى
يالىڭاچ يېتىپ قاتىللىقلارنى تەھلىل قىلىشنى؟

5

ئاجايىپ مەلھەمنى ئاستىنقى بەدىنىگە سۈركۈگۈچى
ئاشۇ غەمكىن قوشنىلار
نېمشقا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك چالغۇلىرىنى
شوخ كۈيلەرگە چالمايدۇ؟

6

مەن بۆرۆن داھىي ئىدىم
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ باشپاناھى!

2017 - يىلى 12 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# تام تۈۋىدىكى ئامىنەم

قىپقىزىل قومۇشلۇقنىڭ يېنىدىكى
يەر خېتى يوق بىر پارچە ئېتىزدا
ئادەملەر شېكەر قوناقنى قان چىقارماي توغراۋاتاتتى.

ئاپئاق قىرو باسقان قۇياش
يىراقتىكى كونا سۇ مۇنارى ئۈستىدە
كەيننى قىلىپ، پۇچۇق ھەرپتەك تۇراتتى.

ساپسېرىق سۈيدۈكى بىلەن يەرگە خەت يازالايدىغان
بىر سەپ پىدائىي
كالا فېرمىسى ئالدىدىن لەيلەپ ئۆتۈپ
شامالغا قارشى ئاتلاندى.

كېسەك تامنىڭ تۆشۈكىگە
يۆگەپ تىقىپ قويۇلغان يېپيېڭى قول يازمىدىن
بىر ئايالنىڭ ئاجىز ئاۋازى ئاڭلاندى:
— جېنىم قىزىم ئامىنەم،
سېنى داداڭغا تاپشۇردۇم!

2017 - يىلى 14 - يانۋار، ئۈرۈمچى

## شېكەركۆل

كۆلنى كېسىپ ئۆتكەن نامسىز كەڭرى دالىغا
يولدىن ئېزىپ قالغانلار ھەرگىز ماكانلاشمايدۇ.
ياغىچىدىن سەرەڭگە تېلى ياسىلىدىغان رايىش دەرەخلەر
بوستانلىقنىڭ ئۆتكۈر گىرۋەكلىرىدىلا ئۆسەلەيدۇ.

دۈم ياتقان تاقىر تاغ ئۇدۇلدا، چىرايى شورلۇق.
گۈڭگۈرت ئوتىدا ئېرىگەن قوي مېيى
سۆگەتگۈلنىڭ بەرگىنى بويلاپ تامچىلايدۇ.
نەۋجۇۋانلار زاغرا بېلىق بىلەن ئاموت قوۋزىقىدا
چۇشلۇك تاماققا قىيما قىلىشىدۇ.

رادىيو ئانتېناسى ئۇسساپ كەتكەن ماگنىتقا چاپلاشمايدۇ.
مۇشۇكلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتا ھاۋارايى خەۋەرلىرىدىن كېيىن،
«ئۇنىمىگەن چىغ تۇۋىدىن تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى»
دېگەن ھېكايە داۋاملىشىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بىر ئاددىي پەيتتە،
مېنىڭ بىر چاڭگال تۇزلۇق سۇيۇم
ئۆلۈپ كەتكەن قوغۇن پىلەكلىرىدە نېمە قىلىدۇ؟
يىلدا بىر قېتىم، يولۋاس ئاغزىغا يېقىنلاشقاندا،
يالىڭاچ ياتقان بىر كۆلگە يۈزلىنىش ئاسان ئەمەس!

2017 - يىلى 29 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# قۇربانلىق

ئاياللار يۈك گېلەملەرنى چۈۋۈشقا باشلىدى.
گۈل - نۇسخىلار ئىچىدىن
دەسلەپكى سىناق ۋە يوغان نەرسە ئاشكارىلاندى.

ئەرلەر تىكەنلىك سىملارغا پۇختا تۇلۇملارنى ئېسىشتى،
بارلىق تىغلار ۋە ئۆتكەللەر
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قويۇپ بېرىلدى.

باللار كاللا - پاقالچاقلىرىدىن باشقا يېرى يوق قوچقارلارنى
يېتىلەپ كېلىشتى،
پولات تامغا قۇياش ئوتىدا قىزارتىلدى.

پەتىگە كەلگەن مېھمانلار
سۆڭەك ئۆيگە بىر - بىرلەپ كىرىشتى،
مۇقەددەس قائىدىلەر تورۇستىن پۇتۇنلەي ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

باشقىلار تاغ بېشىدىكى مۇز ئۆڭكۈرگە قاراپ مېڭىشتى،
دۇنيانىڭ ئۇلارنى گۇناھقا تېگىشمەكچى بولغانلىقى
ئېنىق ئىدى.

تاڭ ئېتىپ، ئۇچار گېلەملەر تولۇق چۈۋۈلۈپ بولغاندا،
قوچقار مۈڭگۈزىدىن
ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش سىگنالى ياڭرىدى.

2017 - يىلى، 2 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئارىلىق ۋە باشقىلار


ئاپتورى: تاھىر ھامۇت

باش نازارەتچىسى: لى يۇمىڭ

نازارەتچىسى: ياۋ چىشىڭ

مەسئۇل مۇھەررىرى: دولقۇن قادىر

مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىگۈل ئىبراھىم

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: مىللەتلەر ئۈن - سىن نەشرىياتى

نەشر نومۇرى: ISBN9787887059901

نەشرى: 2016 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى

تىراژى: 1 — 2000

پىلانلىغۇچى: مەرھابا سابىر

دېكلاماتسىيە قىلغۇچى: تاھىر ھامۇت

ئۈن ئالغۇچى: قۇدرەت ئابدۇللا

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مۇختەر مۇزەپپەر

بەت ياسىغۇچى: گۆھەر ئوبۇل

مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: مۇھەممەت ھېيت

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ئابلىكىم زۇنۇن جەۋلانى

باھاسى: 48.00 يۈەن (پىلاستىنكا ۋە كىتاب)